

# شىنجاڭ مائارىپى

11
1983

## چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى يۈزىسىدىن

## دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بېغىشلىما يېزىپ بەردى


1. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بېغىشلىمىسى: "ئىنقىلاۋىي قۇربان چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلار مەڭگۈ هايات!" "ئىنقىلاۋىي قۇربان دۇ جۇڭيۈەن مەڭگۈ هايات".


2. يولداش لى شيەننيەننىڭ بېغىشلىمىسى: "ياشىسۇن ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ روھى، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ نامى مەڭگۈ هايات!"

3. يولداش چېن يۈننىڭ بېغىشلىمىسى: "ئىنقىلاۋىي قۇربان چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنى خاتىرىلەپ، ئىتتىپاقلاشقان، تەرەققىي تاپقان ۋەتەن چېگرىسىنى گۈللەندۈرەيلى".


4. يولداش دېڭ يىڭچاۋنىڭ بېغىشلىمىسى: "ئىنقىلاۋىي سولچىلارنىڭ ئاۋانگارتى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، پارتىيىنى هىمايە قىلىدىغان قەھرىمان قۇربان".

5. يولداش ۋاڭ جېننىڭ بېغىشلىمىسى: "ئەجدادلىرىمىزنى ئەسلەپ، چېگرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئېچىپ، چېگرىنى ساقلايلى، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشنى ئۇنتۇماي، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ چىقىرايلى". "ئىنقىلاۋىي قۇربان دۇ جۇڭيۈەننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەڭگۈ هايات".






1





2





3




4




5

شىنجاڭ مائارىپى

1983 ـ يىل 11 ـ سان

(ئايلىق ژورنال)

## بۇ سانىدا

ئاپتونوم رايوندا تەنتەربىيە ئىشلىرىدا ئالاھىدە كۆرۈلۈپ، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇگيۈەن،
لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى
خاتىرىلەيدى ........................................ ئۇز خەۋىرىمىز ( 1 )
ئىنقىلاپنىڭ قىزىل تۇغى تېخىمۇ جەۋلان قىلسۇن .......................... ئۇز مۇخبىرىمىز ( 2 )

• • •

ئىدىيىۋى ـ سىياسى تەربىيىنى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جانلىق
ئېلىپ بېرىش كېرەك ..................................... ئۇز خەۋىرىمىز ( 6 )

ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىياسى دەرس ئوقۇتۇشىنى كۆچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى بىر قانچە
مەسىلىلەر .............................................................. ( 9 )
ماددا ئۇقۇمىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك .......................... قۇربان نايۇپ ( 14 )
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇش ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم ... ئوسمانقادىر ( 21 )
«ئەينەك بىلەن مايمۇن» تېكىستىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە ئۇنى قانداق ئوقۇتۇش
ھەققىدە ......................................................... ئابدۇقادىر سادىر ( 26 )
تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئوقۇتۇش ھەققىدە ...... دىميان رەخمەت ( 29 )
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىگە دائىر بىر مىسال ........................ ئابدۇرېھىم ئومەر ( 37 )
كوپەيتىش كەررىلىرىنى ئوقۇتۇش ھەققىدە ........................................ ( 39 )
ئۇچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپا نىمە ئۇچۇن توكنى كۆچەيتىدۇ .................... باتناسىن ( 42 )
ھايۋانلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە فونكسىيىسى .............................................. ( 46 )
تەنتەربىيە ئوقۇتۇشىدا نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ................ سىراجىدىن توختى ( 49 )

باغۋەنگە مەدھىيە

مائارىپ گۈلزارىدىكى سادىق قەلب ........................ مەھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى ( 51 )

◀ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ▶

يوپۇرغا ناھىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە كورۇنەرلىك
نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ........................ رەھمەتۇللا ھېيت (56)
بەش يىل ئىچىدىكى زور ئۆزگىرىش ........................ تاھىرتالىپ، رىشىت مامۇت (60)

◀ سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتى ▶

سىنىپ مۇدىرلىرىنى يەڭگىللىك بىلەن ئالماشتۇرماسلىق لازىم ............... ئىدرىس قادىر (63)

◀ ئەخلاق ۋە پەزىلەت ▶

تەلەپچان ئۇستاز بولۇش ھەققىدە ........................ (66)

◀ مائارىپ پىسخولوگىيىسىنى ئۆگىنىش ▶

پىسخولوگىيە دېگەن نىمە ........................ (69)
بىر سائەتلىك دەرس ئۈستىدە پىسخولوگىيىلىك تەھلىل يۈرگۈزۈش ........................ (71)
دەرس سالمىقىنى يەڭگىللىتىشتە "10 غا يول قويماسلىق" بەلگىلىمىسى ........................ (73)

* * *

مائارىپنىڭ بەش خىل ئىجتىمائى رولى ........................ (74)

◀ باللار مائارىپى ▶

تالانتلىق باللارنىڭ سىرى ........................ (75)

* * *

ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە ........................ ئابدۇللا تالىپ (80)

◀ چەتئەل مائارىپىدىن ▶

ياپونىيىنىڭ پەن - تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشتە تۇتقان يولى ........................ (92)

* * *

ئوت - چۆپ ئۇرۇغى يىغىش ........................ (مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە)
مەكتەپ يولىدا ........................ (مۇقاۋىنىڭ توتىنچى بېتىدە)


*1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشرگە بېرىلدى*

## چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇگيۇەن، لىن جىلۇلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز



چېن تەنچيۇ ماۋزېمىن دۇجۇگيۇەن لىن جىلۇ

# ئاپتونوم رايوندا تەنتەنىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇگيۇەن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى خاتىرىلەندى

ئۆز خەۋىرىمىز: 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇگيۇەن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا خاتىرىلەش پائالىيىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلاردىن خۋاڭ خوچىڭ، ساكۇگلىياۋ، گاۋدېگباڭ، جۇ چۈنلىن، لى ۋۇرۇ، شيې لياڭ، كاڭ لىزېلار قاتناشتى. يىغىنغا خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن مەخسۇس كەلگەن مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدىمۇ قاتناشتى.

ۋاڭ ئېنماۋ، شاۋ چۈەنفۇ، تەنيۇلىن، ئىسمايىل ئەمەت، تومۇر داۋامەت، جانابىل قاتارلىق يولداشلارمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تومۇر داۋامەت رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

# ئىنقىلاپىنىڭ قىزىل تۇغى تېخىمۇ جەۋلان قىلسۇن

ئۆز مۇخبىرىمىز

ئالتۇن لىباسقا پۈركەلگەن چىگرا رايونىنىڭ كۈز پەسلىدە، بىز تەكلىپكە بىنائەن چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇگيۇەن ۋە لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلغان ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ سەپداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق. شىنجاڭ داشۆ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 -، 8 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلدۇق، قەلبىمىز ھاياجانغا تولدى، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ تولىمۇ يېقىملىق ھېس قىلىشتۇق.

ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىدە بولغان ساكۇگلياۋ قاتارلىق يولداشلار ئىنقىلاۋىي قۇربان دۇجۇگيۇەننىڭ قىزى دۇلىيىڭ، دۇشۇاگيىڭ، دۇيى، دۇيىڭ ۋە ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇنىڭ پەرزەنتلىرى لىن لىگيۇەن، لىن خەيفىڭ، لىن مېيى قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭ داشۆگە يېتىپ كەلگىنىدە، شىنجاڭ داشۆدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن ھاياجانلاندى، يىراقتىن كەلگەن قېرىنداشلىرىنى ھۆرمەت ھېسسىياتلىرى بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى.

دۇلىيىڭ ئاچا - سىڭىللار ۋە لىن لىگيۇەن ئاچا - ئىنىلار ئىنقىلاۋىي قۇربانلار ئەينى يىللاردا خىزمەت ئىشلىگەن ۋە كۈرەش قىلغان جايغا كەلگىنىدە قەلب دولقۇنلىرى ئۆركەشلەپ ئىنتايىن يېقىملىق ھېس قىلىشتى. 40 يىلنىڭ ئالدىدا، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ شىنجاڭ شۆيۈەندە ئىشلىگەن مەنزىرىسى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، دۇجۇگيۇەن ئەپەندى يولداش جۇئېنلەينىڭ رازىلىقى ۋە ياردىمىنى ئېلىپ، چېگرا رايوننىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئاۋات شاڭخەي شەھىرىدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدىكى چېگرا رايون — شىنجاڭغا كېلىدۇ ھەمدە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ شۆيۈەننى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالىدۇ، ئۇ ھەممە جاينى

## ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش

5 - ئۆكتەبىر، شىنجاڭ داشۆ بايرام كەيپىياتىغا چۆمۈلگەن ئىدى. ئاساسلىق يوللارغا "سىزلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز" دېگەن پىلاكاتلار ئېسىلغان، فونتان كۆلچەكلىرىدە بولسا، كۈمۈش رەڭلىك سۇلار ئېتىلىپ جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى گۈللۈكلەردە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ سەپدىشى، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ شۆيۈەندە ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن گوچۈنزې ۋە

كېتىپ چىقىدۇ، مەكتەپ ئورنىنى بىۋاستە كورىدۇ، مەكتەپ باشقۇرۇش راسخودىنى ئالاقىلىشىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئاتاغلىق ئالىم ۋە بىلىم ئەھلىلىرىدىن شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى، ساكۇڭلياۋ قاتارلىقلارنى شىنجاڭ شۆيۈەنگە كېلىپ دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئىگە، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئالىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان تۇنجى ئالىي مەكتەپ دۇنياغا كېلىدۇ.

1938 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، شۆيۈەننىڭ "ئوقۇش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش" تىن ئىبارەت تەلىم - تەربىيە فاڭجېنىنى ۋە "ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي - ساددا بولۇش، جانلىق - تېتىك بولۇش" تىن ئىبارەت 4 سوزلۇك مەكتەپ ئىنتىزامىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ دولەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ شۆيۈەنى ھەر مىللەت ئىنقىلاۋىي ياشلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

1949 - يىلى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ شۆيۈەن ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ، ھازىرقى ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ۋە قانۇن كەسىپلىرى بويىچە 12 پاكولتېت، 22 كەسىپ ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل تەجرىبە ئۇسكۇنىلىرىگە ئىگە ئۇنىۋېرسال داشۆي — شىنجاڭ داشۆيىگە ئايلاندى. ھازىر بۇ مەكتەپتە 4 مىڭدىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئەينى يىللاردىكىدىن 10 نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ داشۆيدە ئېچىلغان قارشى ئېلىش يىغىنىدا كوچۇنزي، ساكۇڭلياۋ قاتارلىق يولداشلار ۋە دۆلىيىڭ ئاچا - سىڭىللار، لىن لىڭيۈەن ئاچا - ئىنىلار مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ مەكتەپ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بۈگۈنكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ھاياجانلاندى. ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ شۆيۈەننى ئۇنىۋېرسال داشۆي قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسىنىڭ ئاخىرى ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇلار: ئاتىمىز ۋە باشقا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز، دېيىشتى.

## ئىنقىلاۋىي مەكتەپ ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش

دولەت بايرىمى ھارپىسىدا، قۇربانلارنىڭ سەبداشلىرى سابىق دىخۇا 1 - قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ) دە پارتىيىمىز تەرىپىدىن ئېۋەتىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان كادىرلاردىن لىيۇ مىيەن، شيۇڭ مىيىڭ (ئەسلى ئىسمى شيۇڭ شىچى)، يەن يىجېن (ئەسلى ئىسمى يەن نيەنجۈ) قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىللە 8 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلدى. ئۇلار مەكتەپنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىگىلىدى ھەمدە 40 يىل ئاۋالقى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ سەمىمىي سوھبەتلەشتى. ئەينى يىللاردىكى ئىشلارنى ئەسلىدى، چېكرا رايونىنىڭ ئازاتلىقتىن

كېيىنكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ تىزلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسكەنلىكى ھەققىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشتى، ھەممەيلەن ھاياجانلانغان ئىدى، ئۇلار سۆزلەشكەنسىرى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدى، قىزغىنلىغى ئاشتى، ئىختىيارسىز ھالدا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ مەكتەپ ناخشىسىنى ئېيتىشتى:

تيانشاننىڭ قارلىرى شۇنچە ئاپپاق ھەم تازا،
تېتىك ئوغۇل ھەم قىزلار باسىدۇ ھامان ئالغا.

خاتىرىلەر كۆتىرەڭگۈ ۋە جۇشقۇن ناخشا ئاۋازى ئىچىدە، كىشىلەرنى 40 يىل ئاۋالقى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋىگە ئېلىپ كىردى.

1940 - يىلى جۇدەنخۇا قاتارلىق 10 نەچچە يولداش پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىنقىلاۋىي مۇقەددەس جاي يەنئەندىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ دىخۇا 1 - قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋىگە كەلدى. جۇدەنخۇا ئىلمىي مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى، باشقا يولداشلار ئايرىم ھالدا ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەرنى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ يولداشلار قىزلار مەكتىۋىگە كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساۋاقداشلارغا ياپونغا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنى قىزغىن تەشۋىق قىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇمىدە «ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا»، «سىياسى ئىقتىسات» قاتارلىق ماركسىزىم ئاساسلىرى دەرسىنى تەسىس قىلىپ، ساۋاقدارلارغا ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنقىلاپ ئۇرۇغىنى چاچتى. تۇرمۇشتا ساۋاقداشلار بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ، قولاق بىلەن تەڭ كالتە چاچ قويدى، قارا كۆينەك، كۆلرەڭ كاجى چاپان كەيدى. ساۋاقداشلارنىڭ مەشق قىلىش، قارىغا ئېتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇلار يەنە ساۋاقداشلارنى كوچىغا چىقىپ ياپونغا قارشى تىياتىرلارنى ئويناشقا ئۇيۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋى جۇشقۇن، كۆتىرەڭگۈ روھ ۋە ھاياتى كۈچكە تولغان ئىدى.

1942 - يىلى شېڭشىسەي يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن، جۇدەنخۇا قاتارلىق 10 نەچچە يولداش ئىلگىرى - كېيىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. نۇرغۇن ساۋاقداشلار بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىئارام بولۇپ يىغلاشتى. بەزى سىنىپلار ھال سوراش خېتى يازدى، بەزىلەر قولغا ئېلىنغان يولداشلارنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىغىنى ئاڭلاپ، كىشىلەر ئارقىلىق گۈرۈچ، قوي گۆشى، دورا - دەرمەك قاتارلىقلارنى ئېۋەتىپ بەردى. ھەقىقەتەن، ئىنقىلاۋىي دوستلۇقنى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى قېرىنداشتىنمۇ يېقىن ئىدى.

40 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار بۇ تارىخنى ئەسلەپ قەلبى چەكسىز ھاياجانلاندى. ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، لىيۇمېيەن، يەن يىجېن، شيۇڭ مېيىڭ، جېڭ يىڭلار 8 - ئوتتۇرا مەكتەپكە "ئىنقىلاۋىي مەكتەپ ئىستىلىنى كەڭ جارى قىلدۇرايلى" دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. بۇ بېغىشلىما 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە كۆرسەتكەن يول بويلاپ باتۇرانە ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ!

## تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يارامىلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش

گۇاڭجۇ جىنەن داشۆي پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى يولداش لى يۈنياڭ 1939 - يىلى شىنجاڭ دىخۇا 1 - ئوتتۇرا مەكتىۋى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)

نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ،
1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەر-
تىشتە مۇھىم تۆھپە قوشقان ئىدى. بۇ قېتىم
ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ، چېن تەنچيۇ قاتارلىق
قۇربانلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى
خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا، تەبىئىي ھال-
دا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەسلىدى. مۇنداق-
چە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە
نىسبەتەن ئالاھىدە مۇھەببىتى بار ئىدى. ئۇ
رادىيو ئىستانسىسىنىڭ بىر مۇخبىرى بىلەن
يولۇقۇپ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى
سورىدى. ئۇ، 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئۇ-
رۇمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مەس-
ئۇلىنىڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەرەققىيات
ئۆزگىرىشلىرىگە دائىر ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى
ئاڭلاپ، قەلبى ھاياجانلانغان ھالدا 1 - ئوت-
تۇرا مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئوقۇغۇچىلارغا بول-
غان سىياسى - ئىدىيىۋى تەربىيىنى، ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش
ئۇسۇلىنى ئىزدىنىپ ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش سۈ-
پىتىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياراملىق كىشىلەرنى
كۆپرەك يېتىشتۈرۈشنى تەكرار تاپىلىدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يولداش لى
يۈنياڭ ھاسا تايىنىپ كېلىپ 1 - ئوتتۇرا مەك-
تەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ ئوقۇتقۇچى-
ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە 1939 -
يىلى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان 10 نەچ-
چە يولداش بىلەن سۆھبەتلەشتى، يەنە سابىق
1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋۇخېي،
ۋاڭ كېمەيلەرنىڭ ئائىلىسىدە مېھمان بولدى،
يولداش لى يۈنياڭنىڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە
ۋە چېگرا رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆ-
ڭۈل بۆلۈش روھى كىشىنى بەكمۇ تەسىرلەن-
دۈرىدۇ.

1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن قايتىش ۋاقتىدا،
يولداش لى يۈنياڭ قولىغا قەلەم ئېلىپ: مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم بازا
ئۈچۈن ياراملىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈڭلار،
دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

بىز ئىشىنىمىزكى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ-
تىكى رەھبەرلىك ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى-
لار پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئارزۇسىنى
ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇ-
رىدۇ، سىياسى - ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەي-
تىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ۋەتىنى-
مىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى
ئۈچۈن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ياراملىق كى-
شىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ.

▲ بىز ياش - ئۆسمۈرلەر سان - ساناقسىز قەھرىمانلارنى ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك، پارتىيە ۋە ئىنقىلاۋى ئىشلارغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۆلۈغ ئانىمىز — پارتىيە ئۈچۈن ھاياتىمىزنى بېغىش-لاشقا ھەر قاچان تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. مەن شۇنداق قەتئىي نىيەتكە كەلدىمكى، ھاياتلا بولۇ-دىكەنمەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. بارلىقىمنى پارتىيىگە بېغىشلاشقا، ياشلىق باھارىمنى سەلتەنەتلىك كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاشقا رازىمەن.

▲ ئادەمنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىشى قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، قورقۇنۇچلۇغى ئالغا ئىنتى-لىش ئىشەنچىسى ۋە كۈچىنى يوقۇتۇپ قويۇش، ئادەم روھى جەھەتتىن يېتىپ قالمىسىلا قىيىنچى-لىقنى يەڭگىلى، گۈزەل، يېڭى تۇرمۇش ياراتقىلى بولىدۇ.

▲ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى ئېلىشتا ئەمەس، بەلكى تۆھپە قوشۇشتا.

(جاڭ خەيدى).

# ئىدىيىۋى - سىياسى تەربىيىنى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن جانلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك

— ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئاپتونـــوم رايونلۇق
مائارىپ نازارىتى بىلەن ئاپتونـــوم رايـونلۇق
ئىتتىپاق كومىتېتى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن
22 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بـويىچە ئوتـ
تۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسى خىز-
مەت سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتـــكۈزدى. ئاپتونوم
رايـونلۇق پارتكوم شۇجىسى تـومـۇر داۋامەت
يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى:
"شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى ھەرمىللەت ياش - ئۆسـ
مۈر ئوقۇغۇچىلىرى كېلەچەكتە تۆتنى زامانىۋىـ
لاشتـۇرۇش ۋە شـــىنجاڭنـى ئېچـــش،
شـــىنجاڭنى گـۈلـلـەنـدۈرۈشـنىڭ ھـايـاتى
كـۈچـكـە ئـىـگە ئارمىيىسىدۇر. ئوتتۇرا مەكـ
تەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىدىيىۋى - سىياسى تەر-
بىيىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى ئوتتۇ-
را مەكتەپتىكى چېغىدىلا توغرا كىشىلىك تۇر-
مۇش قارىشىغا ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشـ
لىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك قەيسەر ئىـ
رادىگە ئىگە قىلىش، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزىم
ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا چوڭقۇر ئىستىـ
راتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە". تومۇر داۋامەت
كوممۇنىستىك ئىدىيە تەربىيىسى، "ئۈچنى قىز-
غىن سۆيۈش" تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىـ
پاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى، ھـەرمىللەت
ياش - ئۆسمۈرلەرنى تـــۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، ئەتراپلىق
ئۇسۇشكە يېتەكلەپ، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمـ
تىنى سىستېمىلاشتۇرۇشنى قـــەدەممۇ - قـەدەم
ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ، ئىدىيىۋى
تەربىيە خىزمىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇش مـەسىلـ
سى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ كورسەتـ
تى: "ئالدى بىلەن ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىـ
لارنى ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىـ
يىسىنىڭ ئاساسى نـــەزەرىيىلىرى ۋە ئاساسي
نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، جەمـ
يەت تەرەققىيات تارىخى، ماركسىزىملىق پەلسەپە،
سىياسى - ئىقتىسات ئوقـــۇتۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ،
ئۇلارغا ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ پۈرولېتارىـ
يات ئىنقىلاۋىنىڭ قىبلىنامىسى، دۇنيانى بىلىش،
دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئۆتكۈر قورال ئىكەنـ
لىكىنى قەدەممۇ - قەدەم بىلدۈرۈشىمىز لازىم.
نۆۋەتتە، تېخىمۇ مۇھىمى «دېڭ شياۋپىڭ ئە-
سەرلىرىدىن تاللانما» نى ئەستايىدىل، ياخشى
ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، ياش -
ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ۋەتـەنپەرۋەرلىك
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ۋەتەننى سۆ-
يۈش — يېڭى جۇڭگونىڭ ياش ئەۋلاتلىرىغا
قويۇلغان ئاساسي تەلەپ، شۇنداقلا ھـــەر بىر
ياش - ئۆسمۈرنىڭ ساغلام ئۇسۇپ يېتىلىشىنىڭ
ئىدىيىۋى ئاساسى. بىز جـــۇڭخۇا مىللىتىنىڭ
5 مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخى، پارلاق مەدەـ
نىيەت مىراسلىرى ۋە شانلىق ئەنئەنىلىرى بار؛
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قـۇرۇلغاندىن

كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك جاپالىق كۆ-
رەش مۇساپىسى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ
كى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر، بولۇپمۇ پارتىيە
11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئو-
مۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىز خەلق ئىگىلىك-
دە بارلىققا كەلگەن گۈللەپ - ياشناش مەنزى-
رىسى بار، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياش -
ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە
كوممۇنىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ
ياخشى، ئەڭ جانلىق دەرسلىكتۇر." ھەر مىل-
لەت ياش - ئۆسمۈرلىرىگە مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى ۋە پارتىيە مىللىي سىياسىتى تەربىيە-
سى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئۆسمۈر با-
لىلىرىدا كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزئارا زىچ ئىت-
تىپاقلىشىپ، يېقىن تۇغقانلاردەك ئىناق ئۆتۈش
ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-
نى ئۇدا كۈچەيتىش كېرەك. يولداش تومۇر
داۋامەت مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي
خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كادىرلارنىڭ ئۆ-
گىنىش ۋە چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى -
سىياسىي خىزمەت ماھىرلىرىدىن بولۇشنى، نەزە-
رىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان ئۆ-
گىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي
خىزمىتىگە دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنى زور
كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىت قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ
مۇئاۋىن نازىرى تولەۋقان يىغىنغا كېلىپ سۆز
قىلدى. ئۇ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى
كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئىدىيىۋى - سىياسىي
خىزمەت يونۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ،
يەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش خەلق
ئۈچۈن ئىشلەشتىكى قابىلىيەت مەسىلىسىنى ھەل
قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىككىلىكى بار. بىز
ھەم قىزىللىشىش، ھەم ئىختىساسلىشىشنى تە-
شەببۇس قىلىمىز. قىزىللىشىش ئىختىساسلىشىش-
نىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىختىساسلىشىش
بولسا، قىزىللىشىشنىڭ گەۋدىلىنىشى. بىر مەك-
تەپتە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ياخشى
ئىشلەنسە سوتسىيالىستىك مەكتەپنىڭ ئالاھىدى-
لىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ، تۆتنى زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي
ئىزباسارلارنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ يېتىشتۈ-
رۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر
مەكتەپتە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئاجىز
بولسا، لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىش-
تۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ". تولەۋقان يەنە:
"ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىمىز
مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك، كۆڭۈل بولۇش، ئاس-
راش، ئىلھام بېرىش، يولغا سېلىش ۋە يېتەك-
لەش قاتارلىق ئىجابىي تەربىيە ئۇسۇللىرىنى
دائىم قوللىنىشتىن تاشقىرى، تەكشۈرۈپ - تەت-
قىق قىلىشنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگەللەپ،
قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەربىيە ئېلىپ بې-
رىش كېرەك" دەپ كۆرسەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇللا يىغىن باشلىنىش
ۋاقتىدا دوكلات بېرىپ مۇنداق دېدى: "يول-
داش خۇياۋباڭ يېقىنقى بىر سۆزىدە مۇنداق
دەپ كۆرسەتتى: 'ياشلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلار-
نى پەن - تېخنىكىنى، كەسپنى ئۆگىنىشكىلا
يېتەكلەپ قالماستىن، بەلكى تەڭلا بىر ۋاقىتتا
ئۇلاردا باتۇرلارچە ئالغا باسىدىغان، ۋەتەن،
خەلق ئۈچۈن قەھرىمانلارچە پىداكارلىق كۆر-
سىتىدىغان ئىنقىلاۋىي روھنى ۋە يۈكسەك ئى-
دىيىۋى پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن
ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك'. مەكتەپلەردىكى
پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، مەكتەپ رەھ-
بەرلىكى ياش - ئۆسمۈرلەرگە كوممۇنىستىك
ئىدىيە تەربىيىسى بېرىش خىزمىتىنى چوقۇم
ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، ياش-

ئوسمۈرلەرگە كوممۇنىستىك ئىدىيە تەربىيىسى بېرىش خىزمىتىنى ‹ئىنسانىيەت قۇرۇلۇش ئىلمى؛ يۈكسەكلىككە كۆتىرىپ تونۇش كېرەك“. يولداش ئابدۇللا ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان كوممۇنىستىك ئىدىيە تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا توختىلىپ، مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ (2) ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ (3) كوممۇنىستىك غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ (4) كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ (5) قەھرىمان، نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش. يولداش ئابدۇللا يەنە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق كۆرسەتتى: ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى سىستېمىلاشتۇرۇشنى قەدەممۇ - قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. (1) ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئىگەللەش لازىم؛ (2) ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە ئالاھىدىلىكىگە قاراتمىلاپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى جانلىق، ئېتىك ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچى، ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى ساقلاپ، تەربىيىنى قاتلاممۇ - قاتلام، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. جۈملىدىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا 1 - يىللىقلاردا، بىر شەرەپلىك پىونېر بولۇش تەربىيىسىنى ئاساس قىلىپ، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيە ۋە «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قائىدىسى» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا 2 - يىللىقلاردا، ياشلىق باھارنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ياخشى بېسىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىقلاردا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ تولۇق ئوتتۇرا 1 - يىللىقلاردا، لاياقەتلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ تولۇق ئوتتۇرا 2 - يىللىقلاردا، پارتىيىگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتىش تەربىيىسىنى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىش؛ تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىقلاردا، كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچى، ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ بىلىم خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيىنى ياش - ئۆسمۈرلەر قىزىقىدىغان ۋە ياقتۇرىدىغان نەرسىلەرگە سىڭدۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك، يەنى بىر تەرەپتىن، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئوقۇتۇش ساھەسىگە سىڭدۈرۈش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تەربىيىنى كۆپ خىل بىلىم بېرىش، قىزىقارلىق پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، سەۋرچانلىق بىلەن ئىلھام بېرىپ، ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرىگە يۆلىنىپ، ئۇلارنى ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىغا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىلىرى بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىلىرى بولۇپ، جەمئىي 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

# ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى بىرقانچە مەسىلىلەر •

## 1. سىياسىي دەرسنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدا

سىياسىي دەرس پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەرىپى. سىياسىي دەرسنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى بىلەن ئوخشاش. يولداش خۇياۋباڭ مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئەڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى ئىقتىدارىنى ئۇستۇرۇشتىن ئىبارەت. تېخىمۇ تەپسىلىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنقىلاۋىي ئىدىيە، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى، كەڭ ئاممىنى، پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىنى، پۈتكۈل خەلقنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاڭلىقلىقىنى ئۇرغىتىپ ۋە ئۇستۇرۇپ، ئۇلارنى توغرا مەيدان ۋە كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇش، توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەمدە تەكرار ئەمەلىيەت ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى ئۇستۇرۇشتىن ئىبارەت.» ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن ياشلىق دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدە تۇرىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تولۇپ - تاشقان، بىلىم ئىزدەش ئارزۇسى كۈچلۈك، ئىدىيىسى جانلىق كېلىدۇ، لېكىن تۇراقسىز، ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاراشقا ھۇل سېلىش باسقۇچى دۇر. شۇڭا، بىزنىڭ سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشىمىز ئۇلارنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى ۋە ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قاراشنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بىر ياخشى ئاساس سېلىپ بېرىشى كېرەك. مانا بۇ سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشىنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى.

بىرىنچى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشى پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ۋە تەربىيىلەش نىشانىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ تەلىم - تەربىيە فاڭجېنىمىز تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن يېتىشكەن سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بىر ئەۋلات

---

• بۇ، يولداش زېڭ دېلىننىڭ بېيجىڭ سىفەن داشۆي ئوتتۇرا مەكتەپ سىياسىي دەرس تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى — تەھرىردىن

يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىزنىڭ سىياسىي دەرسىمىز ماركسىزم ئاساسىي نەزەرىيىسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى قوراللاندۇرۇشى، ئۇلارغا ماركسىزملىق ئاساس بىلىم بېرىشى كېرەك، بۇ بولسا ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان تەلىم-تەربىيە ھالقىسىدۇر. بىز سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشنىڭ پۈتكۈل تەلىم-تەربىيەدە تۇتقان ئورنىنى ئىنتايىن ئېنىق تونۇۋېلىشىمىز لازىم. بىز تەربىيىلەپ چىققان كىشىلەر يالغۇز ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن يېتىشكەن، ئىنقىلاۋى مەيدان، كۆزقاراش ۋە ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولغان، يەنى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ سىياسىي دەرسىمىز ئوقۇغۇچىلاردا كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىدە مۇھىم رول ئوينىشى كېرەك.

ئىككىنچى، بىزنىڭ سىياسىي دەرسىمىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى — كوممۇنىزىم، كوممۇنىستىك ئىدىيە، ئېتىقات، غايە ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت مۇنداق ئىككى تەرەپنى — بىرى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، بىرى ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مەيلى ئىدىيە قۇرۇلۇشى بولسۇن، ھەممىدە كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو قىلىش لازىم. سىياسىي دەرسنىڭ ئاساسىي رولى ماركسىزىم ۋە كوممۇنىزىمنى سىڭدۈرۈش ھەم تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا، سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشى شۈبھىسىز تېگىشلىك ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەت، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالمىغان بولسا، مۇنداق بىر يېڭى تارىخىي دەۋر يېتىپ كەلمىگەن بولاتتى. بىز ھازىر بىر ئىسلاھات مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىزدە نىسپىي تۇراقلىق بولۇشى كېرەك. لېكىن ئىسلاھات جەريانىدا، بەزى كونكرېت سىياسەتلەر پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنى، باش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، مۇۋاپىق ھالدا تەڭشەپ تۇرۇلۇشى كېرەك. بىز تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغانلىكى بارلىق ئىسلاھاتلارنى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قوللىشىمىز لازىم. بىزنىڭ سىياسىي دەرسىمىز پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرىلىقىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن شەرھىيلەپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ

تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۇستۇرۇش كېرەك، بۇ ھەم پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق.

## 2. سىياسىي دەرستە قانداق قىلىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

(1) كۆچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا. ياخشىلاش ياكى ئىسلاھ قىلىش كۆچەيتىش ئۈچۈندۇر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھازىر ھەرقايسى تەرەپلەر ئاكتىپلىق ۋە سالماقلىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىزنىڭ مائارىپىمىز ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك، سىياسىي دەرسمۇ ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. ھازىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى ئاكتىپلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىش، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي دەرسىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى توغرىلىق بىر لايىھە ئىشلەپچىقماقچى بولۇۋاتىدۇ. قانداق ئىسلاھ قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، پىرىنسىپ جەھەتتە مۇنۇ 3 نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچىدىن، ئۆتكەنكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنىڭدىن ياخشىلىرىنى، يولغا قويسا ئۇنۇم بېرىدىغانلىرىنى، داۋاملىق ئىجرا قىلىشقا بولىدىغانلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز، بەلكى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك؛ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل ئەستە تۇتۇپ، ئۆتكەنكى "سىنىپىي كۈرەش تۇتقا" قىلىنغان "سول"نىڭ تەسىرىدىن ئازات قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى باش ۋەزىپىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى باش ۋەزىپە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، ئىلىم-پەندە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق كۆپچىلىكتىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش كېرەك، يەنى بىرەر لايىھە ئىشلەپچىقىپ، ئۇنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ياكى تۈۋەنگە تارقىتىش ئارقىلىق پىكىر ئېلىش كېرەك، بۇنى ئالدىراقسانلىق، يېنىكلىك قىلىپ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا بېكىتىپ قويماسلىق لازىم.

(2) قانداق قىلىپ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۇستۇرۇش. سىياسىي دەرسنىڭ مېغىزى ۋە ھەجمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ جەڭگىۋارلىققا، ئىلمىيلىككە، دەللىككە ۋە ئەمەلىيەتچىلىككە ئىگە. بىز ماركسىزىم-لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قوراللاندۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى لازىم. مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، ھەر ۋاقىت سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىدى ۋە ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، بۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. سىياسىي دەرسنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئەخلاق تەربىيىسى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، بۇ دىگەنلىك بۇنىڭدا ئەقلىي تەربىيە مەسىلىسى يوق دىگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى سىياسىي دەرسنىڭ مەزمۇنى ماركسىزم ئاساس بىلىملىرىدىن باشقا، يەنە مەدەنىيەت، تارىخ قاتارلىق باشقا جەھەتلەردىكى بىلىملەرگە چېتىلىدۇ. ئىنقىلاۋىي، توغرا دۇنياقاراشنى يېتىلدۈرۈش، ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نېگىزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نە-

زېھنىنى چوقۇم ئەمەلىيەتكە باغلاش كېرەك، بۇنى سىياسى دەرسنىڭ مەقسىدى، ۋەزىپىسى ۋە خاراكتېرى بەلگىلىگەن. ئىككىنچى، بىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداقكەن، پۈتكۈل جەمئىيەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان، ياش - ئۆسمۈرلەرگە مۇھىم ئەھمىيىتى بولغانلىقى پائالىيەتلەر، مەسىلەن: "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىز-غىن سۆيۈش" قاتارلىق پائالىيەتلەردىن ئۆزىمىزنى چەتتە قالدۇرالمايمىز. ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە كەڭ دائىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى بېرىشىمىز كېرەك ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك باسقۇچىدىلا توختاپ قالماي، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كوممۇنىستىك تەربىيىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئېيتىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك چوقۇم سوتسىيالىزىم، كوممۇنىزىم بىلەن زىچ بىرلەشتۈ-رۈلۈشى؛ چوقۇم خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى؛ چوقۇم ئىنتېرناتسىونالىزىم بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تونۇش مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بەزى ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەت ۋە ئائىلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلاردا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە نىسبەتەن مەلۇم مۇجمەل تونۇشلار ساقلانماقتا، شۇڭا خىزمىتىمىز ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيە، ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ بولسا، دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىدۇر. ئەگەر مۇمكىن بولسا سىياسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. يۇقىرىدىكى بىر قانچە نۇق-تىلارنى ئورۇنلاشتا، ھەم سىياسى دەرسنىڭ ئىلمىيلىكى، سىستېمىلىقلىقىنى ساقلاپ قېلىش، ھەم مۇ-ۋاپىق ھالدا ئەمەلىيەتكە باغلاش كېرەك. بىز بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل دىققەت قىلىشىمىز، شۇ-نىڭدەك خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىجات قىلىشىمىز، ئىزدىنىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتىكى تەج-رىبىلەرنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

(3) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى — بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش. نۆۋەتتە، سىياسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، شۇڭا ئۇنىۋېرسال داشۆبىلەر، سفەن شۆېيۈەن-لەر، جايلاردىكى مائارىپ مەمۇرى شۆېيۈەنلەر، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش شۆېيۈەنلىرى سىياسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشلىرى كېرەك، شۇنداق قىلىش ئار-قىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى پەيدىن - پەي تولۇقلاش ۋە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆ-تۈرۈش كېرەك.

مەن سىياسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىغا يەنە بىر قانچە ئۈمىت ۋە تەلەپنى قويىمەن. بىرىنچى، ماركسىزىملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە تەربىيىلىنىشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۆزى بېرىدى-غان دەرسنىڭ مەزمۇنىنى پىششىق بىلىش، يەنە ماركسىزىمنىڭ باشقا بىر قىسىم ئاساسىي مەز-مۇنلىرىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. بىزنىڭ سىياسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىز 12 - قۇرۇلتاينىڭ، 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، شۇنىڭدەك 3 پارچە كىتاپنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك. سىياسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ مەزمۇنلارنى كەسپى بىلىم قىلىپ، ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. ئىككىنچى، مەدەنىيەت ۋە تارىخ بىلىملىرىنى كەڭ دائىرىدە ئۆگىنىش كېرەك، ماركس، لېنىن ئەسەرلىرى ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى ھەرخىل بىلىملەر بىلەن تولغان. سىياسى

دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى پەقەت كەڭ دائىرىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولغاندىلا، ئوقۇتۇشتا "ئىش ئوڭغا تارتىش"نى، ھەم ئىلمىلىكى بولۇش، ھەم جانلىق - تېتىك بولۇشنى ئورۇنلىيالايدۇ. ئۇچىنچى، ئىمكان قەدەر بەزى ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، زاۋۇت، يېزا، كوپېراتىپ قاتارلىق جايلارغا بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ بەزى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىش، ساپ ھاۋادا نەپەس ئېلىش، ئۆزۈقلۇق كوپەيتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ، سوز بىلەن قايىل قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ، بۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ بىر خىل چېنىقىش ۋە ئۆسۈش بولىدۇ. توتىنچى، ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى "ھەم بىلىم بېرىش، ھەم ئادەم تەربىيىلىشى، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى" كېرەك. سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەش، نىشانىسى — ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش بولغاچقا، ئۆزى باشلامچى بولۇش تېخىمۇ مۇھىم. ماركسىزمنى ئۆگىنىپ، كوممۇنىستىك غايە، ئەخلاق، ئېتىقات تىكلەش جەھەتتە، ئۆز ھەركىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولۇش، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تەربىيە بېرىش ۋە شەخسەن ئۆزى ئۈلگە كورسىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككىسىنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

(4) جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى، پارتىيە ۋە ھوكۇمەتنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىي مائارىپ تارماقلىرى، مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە مەمۇرى رەھبەرلىكلىرىنىڭ سىياسىي دەرسكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. سىياسىي دەرس خىزمىتى بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان ئالدىنقى بىر قانچە يىللاردىكىگە قارىغاندا خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىلەر تامامەن ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن ئورۇنلارنىڭ سىياسىي دەرس مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىش كۈن تەرتىۋىگە قويۇپ، سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىغا ھەر تەرەپتىن كوڭۈل بولۇشى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلىشى، سىياسىي، ئۆگىنىش، يىغىنىغا قاتنىشىش، ھوججەت - ماتېرىياللارنى كورۇش جەھەتلەردىن مۇۋاپىق ئېتىۋار بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. ئۇنىۋان بېكىتىدىغان، مۇئاش تەڭشەيدىغان چاغلاردا سىياسىي دەرسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى كېرەك. سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھەرقانداق چاغدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىنقىلاۋىي روھقا، قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، لېكىن سالامەتلىكىگىمۇ دىققەت قىلىشى لازىم.

(«ئوتتۇرا مەكتەپ سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشى» ژورنىلىنىڭ 1983 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى)

---

▲ بۈگۈن پارتىيە تۇغۇلغان كۈن. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ پارتىيىنى سۆيۈپ كەلدىم... پارتىيىنىڭ تەربىيىسىگە ئىگە بولدۇم. مېنىڭ نەزىرىمدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى جاڭ جې، ليۇخۇلەن، بېتيۈن، لېي فېڭدەك كىشىلەر، ئۇلار شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي كوممۇنىستلاردۇر. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ مانا مۇشۇنداق كىشىلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلدىم. كوپ يىللاردىن بۇيان ئۇلار مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم بولۇپ كەلدى.

(جاڭ خەيدى)

# ماددا ئۇقۇمىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك

قۇربان نايۇپ

ئوتتۇرا مەكتەپ سىياسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن، «دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمدىن ساۋات» دەرسلىكىدىكى ماددا ئۇقۇمىنى قانداق چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ماددا ئۇقۇمى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمدا ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم ئۇقۇم. ئۇ، پەلسەپەنىڭ ھۇلى، شۇنداقلا، پەلسەپە ئۇقۇملىرى ئىچىدە سوزلەش ئەڭ قىيىن بولغان ئۇقۇملارنىڭ بىرى.

دەرسلىكتە، لېنىننىڭ ماددا ئۇقۇمىغا دائىر ئېيتقانلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لېنىن: «ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» دېگەن ئەسىرىدە كەم دېگەندە 5 ئورۇندا ماددىنى سوزلىگەن. تۆۋەندە مۇشۇ 5 ئورۇندا قانداق دېيىلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

1 - جايدا: "ماددا، ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيە، بۇنداق ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئادەم ھېس قىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ تۇيغۇمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ تۇيغۇمىز ئۇنىڭدىن كوپىيە، سۈرەت ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ" دېيىلگەن. ئۇيغۇرچە 219 - بەت.

2 - جايدا: "ماددا — بىزنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلىپ، تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان نەرسە، ماددا، بىز ھېس قىلىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىق" دېيىلگەن. 250 - بەت.

3 - جايدا: "ماددىنىڭ بىردىن - بىر خۇسۇسىيىتى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئېڭىمىزدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت" دېيىلگەن. 477 - بەت.

4 - جايدا: "ماددا دېگەن ئۇقۇم، بىلىش نەزىرىيىسى جەھەتتە، ئېيتىپ ئوتكىنىمىزدەك باشقا ھېچقانداق نەرسە ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھەمدە ئادەمنىڭ ئېڭى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقنىلا كورسىتىدۇ" دېيىلگەن. 479 - بەت.

5 - جايدا: "ماددا ئۇقۇمى بىز ھېس قىلىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئىپادىلىگەندىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئىپادىلىمەيدۇ" دېيىلگەن. 490 - بەت.

يۇقۇرقىلار لېنىننىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنىڭ ماددا ئۇقۇمىغا نىسپەتەن بايان قىلىشىدۇر. لېنىننىڭ يۇقۇرقى ماددا تەبىرىنىڭ ئاساسىي روھى يەنىلا توغرا، بىراق، ھازىرقى زامان تەبىئىي پەننى تەرەققى قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ لېنىننىڭ ماددا تەبىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرىپىنى ئاغدۇرۇۋېتەلىگىنى يوق. بۇنىڭدا ئىككى مۇھىم نۇقتا بار، بىرىنچى نۇقتا، ماددا ئوبيېكتىپ بولىدۇ؛ ئىككىنچى نۇقتا، ماددىنى كىشىلەر بىلەلەيدۇ. بۇ ئەڭ ئاساسلىق نەرسىلەر.

لېنىن ماددىنى كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىملىق بىلگىلى بولىدۇ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇردى. لېنىننىڭ ماددىغا بەرگەن تەرىپىدىن شۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇكى، ماددا، كىشىلەر زادى بىلگىلى بولمايدىغان "ئۆزىدىكى نەرسە" بولماستىن، بەلكى كىشىلەر بىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنى، كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسى، ئېڭى ماددىنىڭ كۆپىيىسى، سۈرىتى، ئىنكاسى، كىشىلەر ماددىنى بىلەلەيدۇ، لېكىن ئۇنى بىر قېتىمدىلا تولۇقى بىلەن بىلىپ كەتمەيدۇ. بەلكى، ئەمەلىيەتنىڭ ۋە پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجى بىلىپ بارىدۇ.

لېنىن، 1918 - يىلى ماخىزىمچىلارنى تەنقىت قىلىپ، پەلسەپە تارىخىدا ماتېرىيالىزىم بىلەن ئىدىيالىزىم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەجرىبىلىرىنى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تەبىئىي پەن تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلىغان ئىدى. بۇ ماركسچە ماددا تەلىماتىغا نىسبەتەن بىر توھپە، تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر.

لېنىن، 1918 - يىلى يازغان «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى» دىگەن ئەسىرىدە: "ماتېرىيالىزىمنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى تاشقى دۇنيانى ئېتىراپ قىلىش، نەرسىلەرنىڭ بىزنىڭ ئېڭىمىزدىن تاشقىرىدا ئىكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت" دەپ كۆرسىتىدۇ.

دۇنيانىڭ ماددىي بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، دۇنيانى مۇئەييەن زامان، ماكاندا، ئۆزىدە ئەسلىدە بار قانۇنىيەت بويىچە راۋاجلىنىپ تۇرىدىغان ماددىي دۇنيا دەپ قاراش — ماتېرىيالىستىك بىر مەنبەچىلىكنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتا، بىزنىڭ ھەممىدە رىياللىقنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتە چىڭ تۇرۇشىمىزدىكى، دۇنيانىڭ ئەمەلىي قىياپىتى بويىچە دۇنيانى بىلىشىمىز ۋە دۇنيانىڭ ئەسلىدە ئۆزىدە بار قانۇنىيەت بويىچە دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىزدىكى پۇختا پەلسەپىۋى ئاساس.

دۇنيانىڭ ماھىيىتى نىمە؟ دىگەن مەسىلىدە، ماتېرىيالىستىك بىر مەنبەچىلەر دۇنيا ماددىي دۇنيا، ماددا بارلىق شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئورتاق مەنبەئى ۋە بىرلىك ئاساسى دەپ قارىدى.

ئىدىيالىستلار، دۇنيا روھىي دۇنيا، روھ بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ مەنبەئى ۋە بىرلىك ئاساسى دەپ قاردى. بەزىلەر ماددىمۇ، روھمۇ دۇنيانىڭ مەنبەئى دەپ ئىككى مەنبەچىلىكنى تەرغىپ قىلدى.

بارلىق ئىدىيالىستلار، دۇنيانىڭ ماددىي بىرلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، روھ دۇنيانىڭ مەنبەئى، پۈتۈن دۇنيا روھنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

پەقەت دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزىملا ماددىغا ئەڭ ئىلمىي تەبىر بەردى. بۇ توغرىدا لېنىننىڭ تەبىرىنى مىسال قىلساقلا كۇپايە.

لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "ماددا ئوبيېكتىپ رىياللىقنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيە بولۇپ، ئىنسان بۇ ئوبيېكتىپ رىياللىقنى ئۆز سەزگۈلىرى بىلەن ئىدرەك قىلىدۇ، بۇ ئوبيېكتىپ رىياللىق بىزنىڭ سەزگۈلىرىمىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ سەزگۈلىرىمىز ئۇنىڭدىن نۇسخا ئالىدۇ، سۈرەت ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ". لېنىن يەنە: "ماددا دىگەن ئۇقۇم، بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھەمدە ئادەمنىڭ ئېڭى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوبيېكتىپ رىياللىقنىلا كۆرسىتىدۇ" دەيدۇ.

لېنىن ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: "ماددىنىڭ... بىردىن - بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ رېياللىق بولۇشى، ئېڭىمىزدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت بولۇش خۇسۇسىيىتىدۇر" دەپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، ماددا — كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەمدە ئادەمنىڭ ئېڭى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوبيېكتىپ رېياللىقتىن ئىبارەت. ياكى، ماددا — بىزنىڭ ئىدىيىمىزنىڭ سىرتىدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت.

لېنىننىڭ پەلسەپىدىكى ماددا ئۇقۇمىغا بەرگەن كىلاسسىك تەرىپى قىسقا ھەم ئىلمىي بولۇپ، نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، ماركسىزىمچە پەلسەپىگە قوشۇلغان ئۇلۇغ تۆھپە بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم نەزىرىيىۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

پەلسەپىدىكى ماددا ئۇقۇمى بىردىنلا شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى ئۇ تىيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئەتراپلىققا قاراپ راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا، ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئىدىيالىزىمنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئويدۇرمىلىرىغا، ماددىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشلىرىگە قارىتا كەسكىن كۈرەش ئېلىپ باردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىمۇ تىيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئەتراپلىققا قاراپ راۋاجلاندى.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنىڭ ماددا ئۇقۇمىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكى ھەققىدە يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرقانچە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بىرىنچى، ماددا ئۇقۇمىنى ماددا بىلەن ئاڭنىڭ قارىمۇ - قارشىلىق بىرلىك مۇناسىۋىتىدىن چۈشەندۈرۈش لازىم. لېنىننىڭ پەلسەپىدىكى ماددا ئۇقۇمىغا بەرگەن تەرىپى ماددا بىلەن ئاڭنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقى ۋە بىرلىكىدىن ماددىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ، ماتېرىيالىزىمنىڭ تۈپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىق، ماتېرىيالىستىك بىر مەنبەچىلىكنى ئىزچىللاشتۇرغانلىق. ھەرقانداق بىر مەسىلىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى ئۆزىنىڭ قارىمۇ - قارشى تەرىپى بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنى توغرا، ئىلمىي چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، ماددىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ جەزمەن شۇنداق قىلىش كېرەك. لېنىن ئىنسانلارنىڭ بىلىش ئەمەلىيىتىدە دائىم ئۇچرايدىغان ئەڭ كەڭ، ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ كۆپ زىددىيەت بولغان ماددا بىلەن ئاڭنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن ماددىنى چۈشەندۈرۈپ، ماددىغا ئىلمىي تەرىپ بېرىپ، ماددىنىڭ ئاڭغا نىسبەتەن مۇستەقىللىقىنى، مەنبەلىكىنى، ئاڭنىڭ بولسا، ماددىغا نىسبەتەن بېقىندى نەرسە، ھاسىل نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىدىيالىزىمغا ۋە ئىككى مەنبەچىلىككە رەددىيە بەردى.

لېنىننىڭ ماددا تەرىپى، ئاڭغا قارىتا نىسپى ھالدا ئېيتىلغان. ئۇنىڭدا ماددا بىلەن ئاڭ بىر قارىمۇ - قارشىلىق بىرلىك قىلىنغان، بۇ تەبىر مۇناسىۋەت سۈپىتىدە بېرىلگەن، لوگىكا جەھەتتىن بېرىلمىگەن، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ماددا تەبىرى بىلەن باشقا تەبىرلەرنىڭ كونكرېت ئىلمىلىكى ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىغا تەبىر بېرىشتە ئاڭغا قارىتىلىدۇ. ئاڭغا قارىتىلغاندىلا ماددىنىڭ بىردىن - بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلىقىدۇر، ئۇ، ئاڭنىڭ مەنبەسى، ئۇ ئاڭغا باغلىق بولمىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دېيەلەيمىز. مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن ئىدىيالىزىم بىلەن چېگرىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولىدۇ. چۈنكى، دىيالېكتىك ماتېرى-

يالىزىم، ماددىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى، ئۇنىڭ
بىردىن - بىر خۇسۇسىيىتى، ئوبيېكتىپ مەۋ-
جۇتلۇقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ماتېرى-
يالىزمنىڭ بىر مەڭگۈلۈك نەزەرىيىسىنى
ئىزچىللاشتۇرغانلىقتۇر.

ئىككىنچى، تەبىر، ئومۇملۇق بىلەن ئالاھىدى-
لىكنىڭ مۇناسىۋىتىدىن بېرىلگەن، شۇڭا، ئو-
مۇملۇق بىلەن ئالاھىدىلىك مۇناسىۋىتىدىن
چۈشەندۈرۈش لازىم.

بۇ نۇقتا، ماددا ئۇقۇمىنى مېتودولوگىيە
جەھەتتىن ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ
مۇناسىۋىتىدىن چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم.
ماددا ئۇقۇمىنى پەقەت، ئومۇملۇقتىنلا ياكى
پەقەت ئايرىملىقتىنلا توغرا چۈشەندۈرگىلى
بولمايدۇ. چۈنكى، ماددا ئۇقۇمى، ئابستراكت
ئۇقۇم، ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق كونكرېت ماددا ھا-
لەتلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ئومۇمى ئابستىرا-
كت. ماددا ھالەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، قەۋىتى-
نىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قان-
داق ئورۇندا، ھەر قانداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭ
بىردىن - بىر خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ، بۇ خۇسۇسىيىتى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت-
لىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبيېكتىپ چىنلىقلىق
ھەر خىل ماددىنىڭ كونكرېت ھالەتلىرىنىڭ
كونكرېت تۈزۈلمىسىدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ئو-
مۇمى نەرسە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئومۇ-
ملىق بىلەن ئالاھىدىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى بولى-
دۇ. شۇڭلاشقا ماددا ئۇقۇمىنى سۆزلىگەندە،
دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمدا ئېيتىلىدىغان ماددا ئۇ-
قۇمى بىلەن كونكرېت تەبىئى پەنلەردە ئېيتىلى-
دىغان ماددا تۈزۈلۈشىنىڭ پەرقلىقلىقىنى تەكىتلەش
لازىم. ئەگەر ماددا ئۇقۇمى كونكرېت تەبى-
ئى پەنلەردە ئېيتىلىدىغان ماددا تۈزۈلۈشى
بىلەن ئوخشاش دەپ قارالسا، كونا ماتېرىيال-
زىمغا تېيىپ كەتكەنلىك بولىدۇ. ئەمما ماددا
ئۇقۇمىنى كونكرېت ماددا ھالىتى ۋە تۈزۈ-
لىشىدىن ئايرىلغان ھالدا سۆزلىگىلى بولمايدۇ.
ئەگەر بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا، ئىدىيالىزمغا
پېتىپ قالىدۇ. كونكرېت سۆزلىگەندە، ئۇقۇم-
نىڭ ئۆزى كونكرېت ماددا ھالىتى بىلەن
مۇناسىۋەتسىز دەپ كونكرېت ماددا ھالىتىدىن
ئايرىپ سۆزلىمەسلىك لازىم.

ئۇ، بىر تەرەپتىن، دۇنيادىكى بارلىق
ماددا ھالەتلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ئومۇمى
نەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كونكرېت ماددا
ھالىتىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ.

ماددا ئۇقۇمى كاتېگورىيە سۈپىتىدە سۇ-
بيېكتىپ نەرسە، بىراق ئۇ، ئۇز ئىچىگە ئال-
غان مەزمۇن بولسا، ئوبيېكتىپ چىنلىق بولىدۇ.
يەنى ئۇقۇم ئوبيېكتىپ چىنلىق ئىچىدىن يې-
غىنچاقلانغان. ئۇنداق بولمىسا، چۈشىنىش قى-
يىن بولىدۇ. شۇنىڭدەك ماددىنى بىرلەمچى
دېگىلىمۇ بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كون-
كرېت ماددا ھالىتىدىن ئايرىلىپ كەتكىلى
بولمايدۇ. ماددىنى سۆزلىگەندە ئومۇملۇق
بىلەن ئالاھىدىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان
بىرياقلىق قىلىش لازىم. ئومۇملۇقنى ئالاھىدى-
لىكتىن ئايرىپ تاشلاشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك
ئىككىسىنى تەڭ قىلىپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ.

لېنىن، ماددىنىڭ بىردىن - بىر ئۆزگەر-
مەس خۇسۇسىيىتى ئوبيېكتىپ چىنلىق ئىكەنلى-
كىنى كۆرسىتىپ، پەلسەپىدىكى ماددا نۇقتىئى-
نەزىرى بىلەن تەبىئى پەنلەردىكى ماددىنىڭ
تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى پەرقلەن-
دۈردى. خاسلىقتىن ئورتاقلىقنى، نىسبىلىكتىن
مۇتلەقلىقنى، ۋاقىتلىقتىن مەڭگۈلۈكنى تېپىپ،
دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيە-
سىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىزچىللاشتۇردى. ئو-
بيېكتىپ ماددى دۇنيانىڭ ھالىتى، خۇسۇسىيىتى،
تۈزۈلۈشى قانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ
ئۆزگىرىشى قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ، لېكىن،
ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق جاي ۋە

ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ
چىنلىق ئىكەنلىكى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى
ئاغدۇرۇش زادى مۇمكىن ئەمەس. ماددىنىڭ
بىردىن - بىر ئۆزگەرمەس خۇسۇسىيىتى، ئۇ-
نىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇر-
غاندىلا، ئىدىيالىزىمغا ئۈزۈل - كېسىل رەد-
دىيە بەرگىلى، مېتافىزىك ماتېرىيالىزىمنىڭ
ماددا نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېنىق چېگرا ئاجراتقى-
لى، ئەمەلىي خىزمەتتە ھەممىدە رىياللىقنى
ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
لەشتە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ.

لېنىننىڭ ماددىغا بەرگەن تەرىپىنىڭ ھە-
قىقى ماھىيىتىنى ئىگەللەشتە ئوبيېكتىپ چىنلىق
ماددىنىڭ بىردىن - بىر ئۆزگەرمەس خۇسۇ-
سىيىتى دىگەننىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق چۈشە-
نىش كېرەك. ماددا، دۇنيانىڭ بىردىن - بىر
مەنبەسى ئىكەنلىكىدىن ئېيتقاندا، ماددا بىلەن
ئاڭنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، ماد-
دىنىڭ پەقەت بىرلا خۇسۇسىيىتى بار. ئۇ بول-
سىمۇ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقلىغى. دۇنيانىڭ
مەنبەسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ۋە ماددا بىلەن
ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرگەن چاغدا،
ماددىغا باشقا خۇسۇسىيەتلەرنى قوشقىلى بول-
مايدۇ. باشقا خۇسۇسىيەتلەرنى ئوبيېكتىپ
چىنلىقنىڭ ئورنىغا قويغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ.
ئەگەر دۇنيانىڭ مەنبەسى نىمە؟ دىگەن مەنا-
دىن، بىلىش نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ماددىغا
باشقا خۇسۇسىيەتلەرنى قوشقاندا ئىدىيالىزىمغا
ۋە ئېتىقاتچىلىققا بوشلۇق قالدۇرغانلىق بولىدۇ.
لېكىن، بۇ ماددى دۇنيا ئوبيېكتىپ چىنلىقتىن
باشقا ئومۇمى خۇسۇسىيەت يوق دىگەنلىك ئە-
مەس. ماددىنىڭ كونكرېت ھالەتلىرى ۋە
كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرى ئىنتايىن مول ۋە
خىلمۇ - خىل، ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق
بولۇشتىن ئىبارەت ئەڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىدىن
باشقا يەنە بارلىق ماددا ھالەتلىرىگە خاس
بولغان تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى بار. مەسىلەن:
بارلىق ماددا ھالەتلىرى زامان، ماكاندا ئو-
زىدە ئەسلىدە بار قانۇنىيەت بويىچە مەڭگۈ
ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ. ھەممىسى مۇئەييەن
قاتلام ۋە تۈزۈلۈشكە ئىگە بولىدۇ ۋە باشقىلار.
ماددىدا بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر بولمىسا، ئۇ،
تۇتقىلى، كورگىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئاي-
لىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق ئى-
كەنلىكىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ.

ئۈچىنچى، پەلسەپىنىڭ ماددا تەبىرىنى
مۇتلەقلىق بىلەن نىسبىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىدىن
چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇنى ئۈچ تەرەپتىن
ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە:

ماددا بىلەن ئاڭنىڭ قايسىسى بىرلەمچى
مەسىلىسىدە، ئىككىسىنىڭ قارىمۇ - قارشىلىغى
مۇتلەق بولىدۇ، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ ھەم-
مىسى شۇنداق ئېيتقان. قايسىسىنىڭ بىرلەمچى-
لىگى مەسىلىسىدە، ماددا ئاڭنى بەلگىلەيدۇ،
ھەرگىز بۇنىڭ ئەكسىچە بولمايدۇ، بۇ شەرت-
سىز، مەڭگۈلۈك، مۇتلەق بولىدۇ. ئۇنداق
بولمىسا، ماددا تەبىرىنى يوققا چىقارغانلىق
بولىدۇ، بىراق قايسىنىڭ بىرلەمچى، ئىككىلەم-
چى مەسىلىسىنى سوزلەشكە قارىتىلماي بۇ
دائىرىدىن ھالقىپ كەتسە مۇتلەق دىگىلى
بولمايدۇ، بەلكى نىسبى بولىدۇ. مۇتلەقلىق
بىلەن نىسبىلىك مۇشۇ مەنىدە چۈشىنىلىشى
كېرەك. بولمىسا ماددا بىلەن ئاڭدا ئوخشاشلىق
بولمايدۇ، چۈنكى، ئاڭ ماددىدىن پەيدا بول-
غان، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مەھ-
سۇلى، چوڭ مېڭىنىڭ فونكسىيىسى. بىراق، ئۇ-
نىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى يەنىلا ئوبيېكتىپ
دۇنيا ماددىدىن ئىبارەت.

2. ھەر قانداق ماددىنىڭ كونكرېت
ھالىتى ئوبيېكتىپ رىياللىققا ئىگە، ئوبيېكتىپ
چىنلىقلىق، دۇنيادىكى بارلىق ماددىلاردا بو-

لىدىغان ئورتاق نەرسە، بۇ شەرتسىز، مەڭ-
گۈلۈك، مۇتلەق بولىدۇ.

نىسبىيلىك بولسا، ماددىنىڭ خىلمۇ - خىل
كونكرېت ھالەتتە ئىپادىلىنىدىغانلىقىغا ئېيتى-
لىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قەۋەتلىرى ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ. ئۇ شەرتلىك، نىسبىي بولىدۇ.

لېنىن: «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەن-
قىدچىلىكى» دېگەن ئەسىرىدە، فىزىكا ئىلمى-
دىكى ئىدېيالىزمنى تەنقىد قىلىشتا، دەل
مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان. لېنىن، فىزى-
كا ئىلمىدىكى ئىدېيالىزملىق بىلىش نەزىرى-
يىسىنىڭ مەنبەسى دەل ئۇنىڭ نىسبىيچىلىكتىن
ئىدېيالىزمغا قاراپ ماڭغانلىقىنى، پەقەت
ماددا ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىلا كۆرۈپ، بۇ
خىل ئۆزگىرىشنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ماددىنىڭ
ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلىقىنى، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ
مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىپ، نىسبىيچىلىكتىن
مۇتلەقلىققە ئىدېيالىزمغا قاراپ ماڭغانلىقى
ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. مەسىلەن،
ئىدېيالىستلار ئاتومنىڭ كەشىپ قىلى-
نىشى بىلەن ماددا يوقالدى، ماددا مەۋجۇت
بولماي قالدى دەپ قارىغان.

ئاتوم ئىچىدىن ئاتوم يادروسى كەشىپ
قىلىنغاندىن ھازىرغىچە، ئاساسىي زەررە 300
خىلغا يەتتى. كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپلەپ
كەشىپ قىلىنىشى تۇرغان گەپ، بىراق، زەررە
ئەڭ ئاساس ئەمەس، يەنە ئۆزگىرىدۇ. ئەمما
بىر نۇقتا مۇتلەقكى، ئۇ، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت-
تۇر. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلىقى مۇتلەق،
ئۆزگىرىشى نىسبىي، مۇتلەقلىق بىلەن نىسبىي-
لىكنى مۇشۇ مەنادا چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

3. پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بىلىش قابىلى-
يىتىنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن كونكرېت ئادەم-
نىڭ بىلىشىنىڭ چەكلىكلىكى مۇناسىۋىتىدىن
چۈشەندۈرۈش لازىم.

ئىنسانلارنىڭ بىلىش قابىلىيىتى ئەۋلات-
مۇ - ئەۋلات ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى
بىلەلەيدۇ، بۇ مۇتلەق. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددا
ئۇقۇمىنى سۆزلىگەندە، ئۇنى بىلگىلى بولى-
دىغانلىقىنىمۇ سۆزلەيمىز، لېنىننىڭ ماددا تە-
بىرىنى سۆزلىگەندە، بىلگىلى بولۇشنىڭ مۇت-
لەقلىقىدىن سۆزلەشكىمۇ بولىدۇ. بەزىلەر ھا-
زىرقى زامان تەبىئىي پەنلىرى تەرەققىي قىلى-
سىمۇ، بەزى نەرسىلەرنى بىلگىلى بولمايۋا-
تىدۇ دېيىشمەكتە. بۇنىڭدا، ئىنسانلارنىڭ بى-
لىش قابىلىيىتىنى بىر گەۋدە دەپ قاراش
كېرەككى، يالغۇز بىرەر ئادەمنىڭ بىلىشى دەپ
قارىماسلىق كېرەك. بىلىشنىڭ بىلگىلى بولى-
دىغانلىقىنى نىسبىيلىكتىنمۇ سۆزلىگىلى بولىدۇ.
بىلىشنىڭ چېكى نىسبىي بولىدۇ، ئۇنى مۇتلەق-
لەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

دېمەك، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم جىم-
لىقنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن، جىملىق نىسبىي،
ھەرىكەت مۇتلەق، جىملىق ھەرىكەتنىڭ بىر
خىل ئالاھىدە ھالىتى دەپ چۈشىنىدۇ.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم، ماددا بىلەن
ھەرىكەت بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، شۇڭا
ھەرىكەت ئومۇمىيۈزلۈك، مەڭگۈلۈك، شەرتسىز
ۋە مۇتلەق بولىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە ماددا ئۆزىدىكى قانۇنىيەت
بويىچە ھەرىكەت قىلغاندا، ئۇنىڭ مەلۇم جىم-
لىق ھالەتتە، مۇئەييەن مۇقىم شەكىلدە بو-
لىدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، جىم-
لىق ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە شەكلىدىن ئى-
بارەت، شۇڭا ئۇ، مۇتلەق بولماستىن، بەلكى
نىسبىي، ۋاقىتلىق، شەرتلىك بولىدۇ دەپ قا-
رايدۇ. ھەرىكەتنىڭ مۇتلەقلىقى بىلەن جىملىق-
نىڭ نىسبىيلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ھەرىكەتنىڭ مۇتلەقلىقى ماددىنىڭ مەڭگۈ
ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ
تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. جىملىقنىڭ نىسبىي-
لىكى، ماددا مەڭگۈلۈك ھەرىكەت ئۈستىدە تۇ-
رىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدا تېخى
تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى، نىسبىي جىم-
لىق ھالەتتە تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
مەسىلەن: مەلۇم جانلىق ئورگانىزم ھالاك
بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇ ھامان شۇ جانلىق جى-

سىم بولۇپ قىلىۋېرىدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈم ئىنقىلاپ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن ھامان كاپىتالىستىك تۈزۈم بولۇپ قىلىۋېرىدۇ. بۇلار ماددىنىڭ جىملىق ھالىتى بولىدۇ. لېكىن، مەلۇم جانلىق ئورگانىزىم شۇ جانلىق ئورگانىزىم بولۇپ تۇرغان چاغدا يەنە ئۇنىڭدا ئالمىشىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە يەر شارى بىلەن بىرلىكتە قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تۈرلۈك شەكىلدىكى سىنىپىي كۈرەشلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

دىمەك، ھەركەت مۇتلەق بولىدۇ، جىملىق بولسا، پەقەت ماددا ھەركىتىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، شەيئىلەر ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتى، شۇ شەيئىنى ئىككىنچى بىر شەيئىگە ئايلاندۇرۇشتىن بۇرۇنقى ھەركەت ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماددا ئۇقۇمى ئەنە شۇنداق.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، ماركسىزىمچە ماددا ئۇقۇمىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى ھەقىقى ئىگەللىۋېلىش لازىم.

بىرىنچى، ماددىنىڭ ئادەم ئېڭىدىن تاشقىرىدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئادەمنىڭ ئىدىيىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ رىياللىق ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ماتېرىيالىستىك بىر مەنبەچىلىكتە ھەقىقى چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ماددىنى بىلىش مۇمكىنچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ. ماددا ئادەمنىڭ ئېڭىنىڭ تاشقىرىدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن، كىشىلەر ئۇنى بىلەلەيدۇ، سېزەلەيدۇ، ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق بولۇشى، ئۇنىڭ بىردىن - بىر ئۆزگەرمەس خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مېتافىزىك ماتېرىيالىزىمنىڭ ماددا ئۇقۇمىدىن چېگرىنى ئېنىق ئايرىغىلى، پەلسەپەدىكى ماددا ئۇقۇمى بىلەن تەبىئىي پەنلەردىكى ماددىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى، ئىدىيالىستلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەرگىلى بولىدۇ.

( بېشى 94 - بەتتە )

قىسمىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىپ، دۇنيا بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە تېزلا يېتىشىۋالغان. ئىككىنچى، تەقلىت قىلىش ئاساسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندا مۇنداق ئىككى جەھەتتە كەشپىياتچىلاردىن ئوتتۇپ كەتكىلى ۋە ئۇلارنى بېسىپ چۈشكىلى بولىدۇ. چۈنكى، كەشىپ قىلغۇچىلارنىڭ يېڭى تېخنىكىنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچىلەردىن بولۇشى ناتايىن. ئۇدى ئەڭ ياخشى تەدبىق قىلغۇچىلاردىن بولۇشىمۇ ناتايىن. ياپونىيە تېخنىكا كىرگۈزۈش، تەقلىت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى كېڭەيتىش ۋە تەدبىق قىلىش جەھەتتە تازا كۈچ سەرپ قىلغان. يېڭى تېخنىكىلارنى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش جەھەتتىمۇ تازا كۈچ سەرىپ قىلغان. نەتىجىدە "ئاۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كەتكەن". ئۈچىنچى، تېخنىكا كىرگۈزۈش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مۇستەقىل تەتقىق قىلىشتىكى ماددى ئاساسىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، پەن - تېخنىكا قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئاساسىي پەنلەر تەتقىقاتىنى ۋە مۇستەقىل تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنى پەيدىن - پەي كۈچەيتىشتە زورۇرشەرت - شارائىتنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ. ياپونىيە ھازىر تېخنىكا ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسىي تەتقىقاتنى ۋە مۇستەقىل تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشكە يۆتكەپ، نازۇك تېخنىكىلارغا ئاكتىپ تۇردە يۈرۈش قىلماقتا.

(«چەتئەل ماتارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى)

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇش ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

ئوسمان قادىر

(يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يېزىق ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇن، خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە كۈرەشلىرى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن چۆچەكلەر، قوشاقلار، ئەپسانىلار، راۋايەتلەر، داستان - قىسسەلەر، مەسەللەر، ماقال - تەمسىللەر، لەتىپىلەر، تېپىشماقلار دېگەن تۈرلەرگە بولىنىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - قىسىملىرىغا كىرگۈزۈلگەن تېكىستلەر ئىچىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت - تەلەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىز دەرسلىكنى ئاساس، پروگراممىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ھەر جەھەتتىن ياخشى ئوقۇتۇشىمىز لازىم. بىر قىسىم ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇتقاندا، ئۇنىڭ كۆلكىملىك تەرىپىگىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ بېرىش ياكى ئوقۇتقۇزۇش بىلەنلا دەرسنى تاماملاش ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. مېنىڭچە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇتقاندا، تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## مەزمۇن جەھەتتە

1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش لازىم. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن خېلى كۆپ تېكىستلەردە خەلقىمىزنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆز ئېلىنى قوغداش روھى ئەكس ئېتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا 1 - قىسىم دەرسلىكىدىكى ئۆتمۈش خەلق قوشاقلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئەجەپ بولدۇم، ئەجەپ بولدۇم،
ئەجەپ بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
غېرىپ بولغانغا يىغلايمەن.

بۇ قوشاقتا ئۆز يۇرتىدىن (ئۆز ۋەتىنىدىن) ئايرىلغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ باشقا يۇرتتا (ئۆزگە ۋەتەندە) تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى، ئانا ۋەتىنىنى سېغىنىپ ياش تۆككەنلىكى ئىپادىلەنگەن بولسا، «كوچ - كوچ» قوشىقىنىڭ:

قارىغاي يوپۇرمىغى
ياپ - يېشىل بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان
دەرتلەرگە تولار ئىكەن.

قالدى مىڭ جاپا بىلەن
تىككەن باغۇ - بوستانلار.
يۇرت - مەلدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

دىگەن مىسرالىرىدا، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇزمىڭدىن ئارتۇق ئىلى ئاھالىسىنى كۆچۈشكە مەجبۇرلاپ، ئازاپ - ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلغانلىغى، خەلقنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ھىسسىياتى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ۋەتەننىڭ پىراقىدا ئۆرتەنگەنلىگى، ئانا ۋەتىنىگە بولغان تەلپۈنۈشى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، تاجاۋۇزچىلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. دەرسلىكتىكى "ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روھىڭ سامان بولماس"، "ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە ئەلنىڭ بالىسى بول"، "دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق"، "كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول" دىگەن ماقال - تەمسىللەر كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇستۇرىدۇ. بۇلارنى ئوتكەندە، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشكە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ئوتۇشكە زىچ بىرىكتۈرگەن ھالدا، ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى بېرىش كېرەك. دەرسلىكتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر خېلى بىر قىسىم ئەسەرلەردە ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق مەدھىيىلەنگەن. مەسىلەن، "ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە"، "بىرلىك بولماي، تىرىكلىك بولماس"، "كوپ تۈكۈرسە كول تولار"، "يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسا دېڭى چىقماس"، "جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت يوق"، "مېلىڭ مىڭغا يەتكىچە، دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن" دىگەن ماقال - تەمسىللەر پۈتۈنلەي دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق مەزمۇنلارنى ئوتكەندە، ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغى، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى سۆيىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيۈش، بىلىم ئىگەللەش، نادانلىقتىن يىراق بولۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلارمۇ ئىپادىلەنگەن، مەسىلەن، «سىيىت نوچى» ناملىق خەلق داستانىدا ساۋاتسىزلىق ۋە نادانلىقنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىگى، ساۋاتلىق ۋە بىلىملىك بولۇشنىڭ زورۇرلىگى تەكىتلەنگەن بولسا، "ئىلىم - پەن، ئەقىل - ئىدرەك توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر" دە بىلىم ئەقىل چىرىغى ئىكەنلىگى، پۇل تاپقىچە ئەقىل تېپىش لازىملىغى، بىلىمنىڭ چەكسىز كۈچ ۋە تۈگىمەس بايلىق ئىكەنلىگى، شۇڭا تىرىشىپ ئىلىم - بىلىم ئىگەللەش لازىملىغى كۆرسىتىلگەن. بۇلارنى ئوقۇتقاندا، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم - پەننى ئىگەللەش لازىملىغىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان قىلىش كېرەك.

4. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى سىنىپىي كۆزقاراش ۋە سىياسىي خاھىشنى تەھلىل قىلىپ بېرىش لازىم. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنلىرى ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن شەكىللەنگەن سىنىپىي زىددىيەت ئاساسىي سالماقلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئەسىرلەردىن بۇيان قاتمۇ - قات زۇلۇم ۋە دەھشەتلىك ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە خارلانغان، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئەمگەكچى خەلقىمىز سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى، غەزەپ - نەپرىتىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ھامان ئۆزىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. مەسىلەن، تولۇقسىز 2 - قىسىم دەرسلىكىدىكى «ئۈژمە سايىسى» دىگەن چۆچەكتە ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئاچكۆز ۋە پىخسىقلىقىدەك ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىپ بېرىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەڭداشسىز كۈچى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈنىلىشى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مۇنداق ئەسەرلەرنى ئۆتكەندە، تارىخىي شارائىتقا ۋە ژانىر ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كونكىرىت تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى سىنىپىي كۈرەش ئەھۋالىنى ئوقۇغۇچىلارغا توغرا چۈشەندۈرۈش كېرەك.

## بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتە

1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى ئۆتكەندە، ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىخچام، يەڭگىل، مەنىلىك، ئوبرازلىق تىلىنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى خەلق تىلىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش لازىم. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، سوز سەنئىتىنىڭ باشلىنىشى، خەلق تىلىنىڭ بىۋاستە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، تىلى راۋان، ئىخچام، ئاددىي، چۈشىنىشلىك، يېنىك، مەزمۇنلۇق ۋە ئوبرازلىق. ئوقۇتقۇچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆتكەندە، ئۇنىڭ تىلىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىنى ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىنى تەلەپ قىلغاندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئوستۇرگىلى، سوز بايلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىخچام ۋە ئاددىي بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنىڭ باغلىنىشى، پېرسوناژلارنىڭ يارىتىلىشى، زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ ھەل قىلىنىشى ھىكايە، رومانلاردىكىدەك مۇرەككەپ بولمايدۇ. شۇڭا بىز خەلق ئېغىز ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ھەرگىز زېرىكىش ھىس قىلماستىن، بەلكى بارغانسېرى قىزىقىپ، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن بېرىلىپ كېتىپ، ئەسەرنىڭ قانداق ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالىمىز. خەلق ئېغىز ئەسەرلىرىنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئاددىيلىق، ئىخچاملىق ۋە قىزىقارلىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئوقۇغۇچىلارغا ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈلسە، ئوقۇغۇچىلار يېزىش مەشقى بىلەن شۇغۇللانغاندا، شۇ ئاساستا مەزمۇنلۇق، چۈشىنىشلىك يازالايدىغان بولىدۇ.

3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ ژانىر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ژانىرلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، خەلق داستانلىرىدىن دەرس ئۆتكەندە، ئۇنىڭدا شېئىرىي شەكىل بىلەن نەسرىي شەكىلنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشىدەك ئالاھىدىلىكىنى ھەم ئوبرازلارنىڭ

تارىخىي خاراكتېرىنى چىڭ تۇتۇپ تەھلىل قىلىش لازىم. چۆچەكلەردىكى خىيالىي ۋەقەلەردە ئەينى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىنىپىي زىددىيەت، سىنىپىي كۆرەش، خەلقنىڭ زالىملارغا قارشىلىقى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، يالىڭاچ ۋە بىۋاستە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئەگىتمە ئۇسۇللار، سىمۋوللۇق ئىپادىلەر، يۇمۇرلۇق ئىبارىلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن. شۇڭا ئوقۇتۇش جەريانىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى چىڭ تۇتقان ھالدا تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىيات بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭمۇ شەكىل جەھەتتە يەنە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

4. لەتىپە ۋە تېپىشماقلارنى ئوقۇتۇشقىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. بەزى يولداشلار بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇشقا سەل قاراپ، ئۇلارنى ئاددىيلا بىرەر قېتىم ئوقۇپ بېرىش ياكى ئوقۇپ كېلىشكە تاپشۇرۇش بىلەنلا بولدى قىلغان. مېنىڭچە، بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇشقىمۇ ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم.

5. لەتىپە — مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ھەجمىنىڭ قىسقىلىقى، ئىپادىلىنىشىنىڭ كۈلكىلىكلىكى، ئاسان ئەستە قالىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. لەتىپىلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى كەڭ، پىكىر مەنتىقىسى ھەم ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەزمۇن يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مەسىلەن، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، موللا زەيدىن لەتىپىلىرى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىكى نەسىردىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققانلار خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۆلمەس ئوبرازلار بولۇپ، پادىشالارنىڭ سارايلىرىدا، قازىخانىلاردا قارا كۈچلەرگە قارشى تىنىمۇ - تىنىم كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. لەتىپىلەرنى ئوقۇتقاندا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن سىياسىي خاھىشنى ئېچىپ تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن نەسىردىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققان قاتارلىقلارنىڭ ئادالەتپەرۋەر، ھەققەتچى، خەلقسۆيەر، قورقماس، ئەقىللىق، باتۇر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ خەلققە ۋەكىللىك قىلغان، خەلق ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان تېپىشماقلار كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. تېپىشماقلاردا تاپماقچى بولغان نەرسىنىڭ بىرەر مۇھىم بەلگىسى بېرىلىپ، كىشىلەرنى ئەسلى نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىش يولىدا خېلى ئويلاندۇرۇشقا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تېپىشماق ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. شۇڭا تېپىشماقلارنى ئوقۇتۇشقىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك.

دېمەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇ - خىل، ئىپادىلىگەن مەزمۇنى مول. بىز ئۇلارنى ئوقۇتۇش ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغىنىمىزدا، بىرەر خىل ئۇسۇلغىلا ئېسىلىۋالماستىن، بەلكى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يولۇققان يېڭى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

ئاساسىي ماھارەت مەشقى جەھەتتە

1. ئوقۇش ۋە يادلاشنى چىڭ تۇتۇش. ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى كونۇكمە تەلىۋىدە ھېسسىياتلىق ئوقۇش، ئوقۇغىنى ئاساسىدا قايتا بايان قىلىپ بېرىش تەلىۋى قويۇلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، ئوقۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئادەتتىكى خەۋەر - ماقالىلارنى ئوقۇشقا ئوخشىمايدۇ. بۇ، چۈشەنگەن ئاساستا ئوقۇش، تەلەپ بويىچە ئوقۇش بولغىنى ئۈچۈن، بىر قېتىم ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەندە قايتا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق قايتا - قايتا ئوقۇشنى شۇ تېكىست ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىتتا ئورۇنداپ بولغىلى بولمىسا، دەرس سىرتىدىكى ئوقۇشقا ياخشى ئەھمىيەت بېرىپ، دەرس سىرتىدىكى ئوقۇش بىلەن دەرس ئىچىدىكى ئوقۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

كونۇكمىدە يادلاش تەلەپ قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا چوقۇم يادقا ئالدۇرۇش لازىم. بۇ، ئۆلۈك ھالدىكى يادلاش ۋە ئورۇنسىز يادلاش بولماستىن، بەلكى مۇھىم مەزمۇنلارنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، يېزىقچىلىق مەشقىدە ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن يادلاشتىن ئىبارەت. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يادلىغانلىرى قانچە كۆپ بولسا، يېزىقچىلىق مەشقى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ پايدىسى بار.

2. يېزىش مەشقى ئېلىپ بېرىش. دەرسلىكنىڭ كونۇكمە تەلىۋىدە ئۆزى كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى يېزىپ كېلىش، بىر بۆلۈك شېئىرى چۆچەكلەرنى نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ يېزىش، ئاڭلىغان چۆچەك، قوشاق، تېپىشماق، ماقال - تەمسىللەرنى توپلاپ ۋە رەتلەپ يېزىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىزگە مەلۇمكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى. دەسلەپكى خەلق قوشاقلىرىدىن ھازىرقى يۈكسەك دەرىجىدىكى شېئىرلار، ئاددى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلەردىن ھازىرقى زاماندىكى پروزا ئەسەرلىرى، ئېيتىشىش خاراكتېرىدىكى ئاددى ئويۇنلاردىن ھازىرقى زاماندىكى كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا ئېيتىمىزكى، قوشاق، چۆچەك، لەتىپە، ماقال - تەمسىل قاتارلىقلارنى توپلاش ۋە رەتلەپ يېزىش، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى، شەكىل ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش، كېيىنكى شېئىر، ھېكايە ۋە ماقالىلارنى يېزىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىدۇ، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنى يېزىقچىلىق مەشقىغە ئۇيۇشتۇرغاندا كونۇكمىنىڭ تەلىۋىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، پىلانلىق، مەقسەتلىك تۈردە ئىش كۆرۈش لازىم. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن يېڭىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، ھەدېگەندىلا ئۇلاردىن ماقالە يېزىشنى تەلەپ قىلساق كۈچ بىكارغا كېتىدۇ. يازالمىدى دەپ يېزىقچىلىق مەشقىغە ئۇيۇشتۇرمىساق ياكى باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوخشاش تەلەپ قويساق، ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە ئىشنى ئاددى شېئىرىي چۆچەك ۋە شېئىرىي مەسەللەرنى نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇرۇش، ئوقۇغان چۆچەك ۋە قوشاقلاردىن چۈشەنگەنلىرىنى يازدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق تەدرىجى ھالدا بايان خاراكتېرىدىكى ئىنشا ھەم كۈندىلىك خاتىرە، ئاددى ماقالىلارنى يازدۇرۇش لازىم. بىر خىل ژانىردىكى مەشقنى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. بىر خىل ژانىردىكى مەشقنى قايتا - قايتا ئېلىپ بېرىش، يېزىلغان ماقالىلارنىڭ ياخشىراقىدىن بىرىنى قانائەت ھاسىل قىلغىچە ئۆزگەرتىشكە ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى تەدرىجى ھالدا يېتىلدۈرۈش لازىم.

# «ئەينەك بىلەن مايمۇن» تېكىستىنىڭ تەربىيۋى ئەھمىيتى ۋە ئۇنى قانداق ئوقۇتۇش ھەققىدە

ئابدۇقادىر سادىر

(گۇما ناھىيە قوشتاغ گۇڭشې مەكتىۋىدىن)

«ئەينەك بىلەن مايمۇن» — باشلانغۇچ مەكتەپ و - قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى تەربىيۋى ئەھمىيتى زور، دەللىكى كۈچلۈك بولغان تېكىستلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك مۇنداق:

بىر مايمۇن ئەينەكتىن ئۆز چىرايىنى كورىدۇ-دە، يېنىدىكى ئېيىقنى "ئاستا نوقۇپ"، ئۇنىڭغا: ئۆز چىرايى ئەينەكتىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئەينەكتىكى ئاشۇ سەت، كورۇمسىز، قوپال كورۇنۇشكە ئوخشىغان بولسا، ئۆزىنىڭ بۇ كەمگىچە ئاللىقاچان ئولۇپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى، بۇنداق قوپال چىرايلارنى ئۆز يولداشلىرى ئىچىدىن "بىر قانچىسى" دە كورگەنلىكى، ھەتتا ئۇنداقلارنى بارماقلىرى بىلەن ئاسانلا ساناپ بېرەلەيدىغانلىقىنى... ئېيتىدۇ. ئېيىق بولسا، مايمۇننىڭ بۇ گېپىگە قارىتا: "ساناپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئۆزەڭگە ياخشىراق قاراپ باق" دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئەمما بۇ گەپ مايمۇنغا ھېچقانداق تەسىر قىلمايدۇ.

دىمەك، يۇكسەك ئىخچاملىقنىڭ، يەنى ئاز سوز بىلەن كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەشنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولغان بۇ نادىر ئەسەردە، ئېيىق بىلەن مايمۇننىڭ ئەينەك ئالدىدا قىلىشقان ئەنە شۇنداق قىسقىچە سوھبىتى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خۇددى "قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن تىڭشا" دېگەندەك، ئۆز كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىنى ئۆزى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ياكى ئوبىكتىپ ئەمەلىيەت ئۇنى ئەينەكتەك ئەينەن ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان، ئەكسىچە، ئېتىراپ قىلىش ۋە تۈزىتىش ئورنىغا ئۇنى باشقىلارغا دوڭگەيدىغان ياكى ئۆزى بىلەن كارى يوق، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كورۇشكە ئامراق كىشىلەر دەل جايىدا مەسخىرە قىلىنغان ۋە تەنقىتلەنگەن. مانا بۇ، دەرس تېكىستىدە تەكىتلەنگەن ئاساسىي ۋەقە ۋە ئىدىيۋى مەزمۇندىن ئىبارەت.

بۇ تېكىستنى ئوقۇتۇشتا، مېنىڭچە مۇنداق ئىككى مەقسەتنى يەنى ئالدى بىلەن بۇ دەرسنى ياخشى ئوتۇپ، دەرس مەزمۇنىغا زىنچ بىرلەشتۇرگەن ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا ئاڭلىق ھالدا ئۆز كەمچىلىكلىرىنى كورەلەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئورۇنلۇق تەنقىتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۈزىتەلەيدىغان بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش، ئاندىن كېيىن دەرس مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا ئۇنى شېئىرى شەكىلدىن نەسرى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ يېزىش مەشىقىگە ئويۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىش ۋە بەدىئى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئوستۇرۇشنى كوزدە تۇتۇش لازىم.

دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرگەندە ھالدا
ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش كېرەك.
مەسىلەن، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر قاي-
سىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بول-
دۇ: بەزىلىرى تەقدىرلەش ۋە ماختاشقا ئام-
راق، تەنقىت ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت بىلەن
خوشى يوق بولىدۇ. مۇنداقلار ئۆز كەمچىلىك
ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا
ئايان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇ-
نىدۇ، بۇ ھەقتە سەممى مەسلىھەت بەرگەنلەر-
گە قوپال مۇئامىلىدە بولۇپ، ئاداۋەت ساقلاي-
دۇ، ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرىدۇ. ئەكسىچە،
باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئاسان كورىدۇ،
ئۇلارنىڭ بىرەر ئەيىۋى ۋە ئاجىزلىقىنى باي-
قىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ھە دېسە باشقىلارنى
چىشلەپ تارتىدۇ. بەزىلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ
ئەكسىچە بولۇپ سەممىي، ساپ دىل بولىدۇ،
ئۆزىنىڭ يارىماس تەرەپلىرىنى سەزگەن ھامان
تۈزىتىدۇ، باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلى-
دۇ. شۇنداقلا ئۇلار باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىك
تەرەپلىرىگىمۇ ھەققى تۇردە سەممىي ياردەم
قىلالايدۇ، ناچار ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇشقا
جۇرئەتلىك بولۇپ، دادىل پىكىر قىلالايدۇ.
ئوقۇتقۇچى دەرس تېكىستىنى تەھلىل قىلىشقا
بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئوقۇغۇچىلاردىكى بۇ خىل
ئىدىيىۋى ھالەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ كورستىپ،
ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىشى، ئەسەرنىڭ
ھەققى تەربىيىۋى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. تېكىستتە، گەرچە ئې-
يىقنىڭ مايمۇنغا بەرگەن ياخشى مەسلىھىتى
تەسىر قىلماي، بىكار كەتكەنلىكى كورستې-
لىپ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ناچار ئادىتىنىڭ ئاقى-
ۋىتى نېمە بولغانلىقى كورسىتىلمىگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچى بۇنداق ناتوغرا ئىدى-
يىنىڭ ئاخىرى يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى،
خۇددى "ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئولۇم ئاشكارە"
دېگەندەك، خەتەرلىك يولغا ئېلىپ بارىدىغا-
لىقىنى بىلدۈرۈش لازىم. يەنە دەرس مەزمۇ-
نىغا بىرلەشتۈرگەن، تەنقىت ۋە ئۆز - ئۆزى-
نى تەنقىتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوقۇغۇچى-
لارنى تەسىرات سوزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇش، شۇ-
نىڭدەك، دەرس تېكىستى ئۈستىدە بېرىلگەن
رەسىمنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ،
مۇۋاپىق سوئاللار ئارقىلىق (مەسىلەن، مايمۇن
ئەسلى چىرايلىقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ
سەتلىكىنى ئىقرار قىلمايدۇ؟ قاتارلىقلار) ئوقۇ-
غۇچىلارغا دەرس مەزمۇنىنى رەسىمگە قاراپ
سوزلىتىشنىمۇ ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن
جانسىز نەرسىدىن جانلىق بىر مەنزىرە ھاسىل
قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش
لازىم.

«ئەينەك بىلەن مايمۇن» دېگەن ئىبارەت
بۇ بەدىئى ئۆلگىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ يېزىقچىلىق ۋە بەدىئى ئىپادىلەش ماھا-
رىتىنى ئوستۈرۈشتە، ئۇنىڭ كونكرېت قەدەم-
باسقۇچلىرىنى، مېنىڭچە، مۇنداق ئېلىپ بارسا
بولىدۇ:

1. ئالدى بىلەن، ئوقۇغۇچىلارغا تېكىستنى
توغرا ئىنتونатسىيە، كۆچلۈك ھىسسىيات بىلەن
ئوقۇشنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى تېكىستتىكى بايان
ۋە دىئالوگلارنى يېزىش ۋە ئوقۇشتا پەرقلەن-
لەندۈرۈشكە، سوزلەردىكى ھىسسىياتىنى توغرا
ئىگەللەشكە يېتەكلەش كېرەك.

مەسىلەن،

"مايمۇن ئۆز چىرايىنى ئەينەكتە كورۇپ،
ئېيىقنى ئاستا پۈتى بىلەن نوقۇپ."

دېگەن مىسرالار بايان قىلىش مەزمۇنىدا بول-
غانلىقتىن، ئۇنى ئاستا ۋە لەرزان بولغان با-
يان ئاھاڭىدا:

"دېدى: 'ئەزىزىم' بۇنىڭغا بىر قارا،
بۇ قانداق يۈزدۇ قارىغىنا ماڭا؟
ئەگەردە مەن سەل ئوخشسام ئاڭا،
قايغۇ ۋە ھەسرەتكە تولۇپ كېتەتتىم!
بەلكى ئاللىقاچان ئولۇپمۇ كېتەتتىم."

دىگەن مىسرالار دىئالوگ بولغانلىقتىن، ئاۋالقى
مىسرالارغا قارىغاندا ھەيران قېلىش، مەگسىت-
مەسلىك، بىخارامانلىق ئاھاڭىدا جاراڭلىق ئو-
قۇپ، مايمۇننىڭ ئەملىيەت ئالدىدا تۇتۇلۇپ قال-
غان ئىبتىراپ قىلماسلىق، مەمەدانىلىق پوزىت-
سىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

"ئىقرار قىلىش كېرەك ھەقىقەتەن ھەم،
مۇنداقلار دۇنيادا ئەمەستۇر كەم.
ھەتتا مەن ئۆزەمنىڭ يولداشلىرىمدىن،
شۇنداق قوپاللارنىڭ بەش - ئالتىسىنى
بارماقلىرىم بىلەن سانىيالايمەن.
قىنالماي ئوبدان كۆرستەلەيمەن."

دىگەن مىسرالار يەنىلا مايمۇننىڭ ئالدىدىكى
سۆزىنىڭ داۋامى بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقىسى
بىلەن كېيىنكىسىدىكى ھىسسىيات يەنە ئوخشى-
مايدۇ. يەنى دەسلەپ مايمۇن ئۆزىنىڭ "قو-
پاللىغى" دىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سەل سىپايە،
پەسەنت قىلماسلىق ھىسسىياتى بىلەن سۆزلى-
گەن بولسا، كېيىنكى مىسرالاردا ئۇنىڭ ئۆز
يېتەرسىزلىگىنى كورۇپ تۇرسىمۇ ئىقرار بول-
مايدىغان، باشقىلارنى چىشلەپ تارتىشقا خۇش-
تار، ھاكاۋۇرلۇق خاراكتىرى جانلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا بۇنى ئەنە شۇنداق كىشى-
لەرنىڭ ھىسسىياتى ۋە ئاۋازىغا تەقلىت قىلىپ
ئوقۇش لازىم.

2 . تېكىست بولەكلىرىنى (ياكى كوبلىت-
لارنىڭ چىگرىسىنى) ئايرىپ بېرىش كېرەك.

بۇ مەسەلىنىڭ تېكىستىنى ھەم ۋەزىنلىك
شېئىر، ھەم ئەركىن شېئىر تۈسىنى ئالغان دى-
يىشكە بولىدۇ. ۋەزىنلىك دىيىشىمىز — ئۇ-
نىڭ قاپىيە، رېتىم ۋە ئىنتونىرتسىيىلىك تۈزۈ-
لۈشكە قارىتىلغان؛ ئەركىن شېئىر دىيىشىمىز —
ئۇنىڭ مىسرا ۋە كوبلىتلىرى مەلۇم ئۆلچەم
رامكىسىدىن چىقىپ، سيوژىت رىۋاجىنىڭ ئېھ-
تىياجىغا ئاساسەن بىر قەدەر ئەركىن ئورۇن-
لاشتۇرۇلغانلىقىغا قارىتىلغان. شۇڭا ئوقۇتقۇچى
ئۆلگىلىك ئوقۇشتا، دىكلاماتسىيە قىلغاندىكى
تاۋۇشنىڭ ئىگىز - پەسلىگى ۋە شېئىر مى-
رالىرىنىڭ تۈگەللىنىشىگە ئاساسەن ئۇنى پەرق-
لەندۈرۈپ ئوقۇغاندىن باشقا، ئۇنى كۇبلىتلار-
غا ئايرىشنى ئاۋال ئوقۇغۇچىلارغا مەشىق قىل-
دۇرۇش ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلدۇرۇش، ئاندىن
ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئايرىپ كۆرسىتىپ، باللار-
نىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلى-
تىش كېرەك.

مېنىڭچە، تېكىستنىڭ دەسلەپكى 4 مىسرا-
سىنى بىر، كېيىنكى 3 مىسرانى بىر، ئۇندىن
كېيىنكى ئىككى مىسرانى بىر، ئۇنىڭدىن كې-
يىنكى 4 مىسرانى بىر، ئاخىرىدىكى 6 مىس-
رانىڭ ھەر ئىككى مىسراسىنى بىردىن قىلىپ،
جەمى 7 كۇبلىتقا ئايرىسا بولىدۇ.

3 . زورۇر بولغان يېزىقچىلىق مەشقىگە
ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي يېزىق-
چىلىق سەۋىيىسىنى مەشىق قىلىشقا تۈرتكە بو-
لۇش كېرەك. بۇنىڭدا بىرى، شېئىرى شەكلىنى نەسرى
شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىش، يەنە بىرى، ئۆز
ئىچ - باغرىنى يېرىپ كورۇشنى مەزمۇن قىلغان
ھالدا، تېكىستنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىرات
ماقالىسى يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا بولىدۇ.
ئەمما بۇ ھەر ئىككى يېزىقچىلىق تۈرىدە، ئو-
قۇغۇچىلار تېكىست مەزمۇنىنى تولۇق چۈشى-
نىپ ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى كېرەك. شۇ چاغ-
دىلا، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى تەبىئى ۋە راۋان
چىقىدۇ. شۇنداقلا بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجا-
دىي ماقالىلارنى يېزىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قا-
لىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان تۇرمۇش
ماتېرىياللىرىنى تاللاش، قۇراشتۇرۇش، سۆز-
لەرنى جايىدا ئىشلىتىپ، ھىسسىياتىنى توغرا
ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى تاۋلايدۇ.

دىمەك، «ئەينەك بىلەن مايمۇن» — ئو-
قۇغۇچىلارغا جانلىق ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ
بېرىش، ئۇلارنى مايمۇنغا ئوخشاش كىشىلەر-
دىن نەپرەتلىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت
قىلىشقا، داۋاملىق ئالغا بېسىشقا جۈرئەتلىك
ياخشى كىشىلەردىن بولۇشقا يېتەكلەشتىكى بىر
ياخشى دەرسلىك. شۇنداقلا ئۇ، پىكىرنى ئاد-
دى، ئىخچام يول بىلەن ئىپادىلەشنىڭمۇ ئۆل-
گىسى. شۇڭا بۇ تېكىستنى پۇختا تەييارلىق
قىلىپ ياخشى ئوتتۇش لازىم.

# تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئوقۇتۇش ھەققىدە


دىيان رەخمەت

(شىنجاڭ داشۆي ماتېماتىكا پاكولتېتى)


I ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكى 3 - قىسىم 5 - بابىنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدا تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەر (دەرسلىكتە يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى تەڭ بولغان ۋەقەلەر دەپ ئېلىنغان) سۆزلەنگەن. ئېھتىماللىق نەزەرىيىسىدە ھادىسە ئېھتىماللىقىنى ئېنىقلاشنىڭ بۇ قائىدىسى ئېھتىماللىقنىڭ كلاسسىك ئېنىقلىمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېنىقلىما بىلەن ھېساپلانغان ھادىسە ئېھتىماللىقىنى كلاسسىك ئېھتىماللىق دەيمىز. كلاسسىك ئېھتىماللىق ئېنىقلىمىسى بىلەن ھېساپلىنىدىغان ھادىسىلەر تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنى قانائەتلەندۈرۈشى لازىم.

1. تەجرىبىلەر جەريانىدا ئېرىشىدىغان نەتىجىلەر چەكلىك بولۇش.

2. بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئارا تەڭ ئىمكانىيەتلىك بولۇش (بۇ خىلدىكى تەجرىبىلەر ئادەتتە كلاسسىك سخېمىدىكى تەجرىبىلەر ياكى قىسقىچە كلاسسىك تەجرىبىلەر دەپ ئاتىلىدۇ).

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ "تەڭ ئىمكانىيەتلىك بولۇشى" دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمغا ماتېماتىكىلىق ئېنىقلىما بېرىش قىيىن. ئادەتتە شۇ قېتىملىق تەجرىبىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا قاراپ تەخمىنى ھۆكۈم چىقىرىمىز. مەسىلەن: بىر تەڭگىنى تاشلىغاندا $A$ – [ئوڭ]، $B$ – [تەتۈر] بولسۇن. بىر تەڭگىنى قېتىم ئىككى تاشلىغاندا $A_1$ – [ئوڭ، ئوڭ]، $A_2$ – [تەتۈر، تەتۈر]، $A_3$ – [تەتۈر، ئوڭ]، $A_4$ – [ئوڭ، تەتۈر] بولسۇن. (بۇ يەردىكى [ئوڭ، ئوڭ] بىرىنچى تەڭگىنىڭ ئوڭ، ئىككىنچىسىنىڭمۇ ئوڭ چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.) بۇ تەجرىبىلەردە $A$ بىلەن $B$ تەڭ ئىمكانىيەتلىك، $Ai$ $(i = 1,2,3,4)$ لار ھەر بىرسى ئۆز ئارا تەڭ ئىمكانىيەتلىك.

دىمەك، "تەڭ ئىمكانىيەتلىك" دىگەن سۆز ھادىسىلەر يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ تەڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمەن، تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەر شۇنداق بىر خىل تىپتىكى تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىلىرى شۇ قېتىملىق تەجرىبىگە نىسبەتەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسىمۇ باشقىلىرىدىن ئالاھىدە بولمايدۇ.

بۇلاردىن تەڭگە تاشلاش تەجرىبىسىنىڭ كلاسسىك تەجرىبىگە ياتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭدىن سىرت ئادەتتە تولاراق كەلتۈرۈلىدىغان مىساللاردىن مۇنۇلار كلاسسىك تەجرىبىگە ياتىدۇ:

1) ساندۇقتىن شارىك ئېلىش تەجرىبىسى.

2) سىممېتىرىك كۇپ تاشلاش تەجرىبىسى.

3) مەلۇم زاۋۇت ئىشلەپچىققان بىر خىل ماتېرىياللاردىن ئىختىيارى بىرىنى ئېلىش قا-تارلىقلار. (سىممېتىرىك كۇپ ــ بىر جىنىسلىق ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن مۇنتىزىم 6 تەرەپـلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر تەرىپىگە 1، 2، 3، 4، 5، 6 رەقەملەردىن بىرسى يېزىلغان.)

II بىز ئۆتكەنكى ماقالىمىزدا ئېھتىماللىقنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئېنىقلىمىسى بىلەن تونۇشقان ئىدۇق، بۇ ماقالىمىزدا مەلۇم بىر خىلدىكى ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىغىنى ھىساپلاش يۈزىسىدىن ئېھ-تىماللىقنىڭ كىلاسسىك ئېنىقلىمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىماللىقنىڭ بۇ ئىككى ئېنىقلىمىسى ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز.

كىشىلەر ئوبىكتىپ زورۇرىيەت تۈپەيلىدىن ئېھتىماللىقنى تەتقىق قىلغاندىن باشلاپ خېلى ئۇزۇن دەۋرگىچە، ئېھتىماللىقنى تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىغىنى ھىساپلاش ئۇسۇ-لى بويىچە ھىساپلاپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئېھتىماللىقنىڭ ئېنىقلىمىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ئى-دى. كېيىنچىرەك تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىياللار كوپلەپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن يۇقۇرىقى ئۇسۇل ئارقىلىق ھىساپلانغان ئېھتىماللىقلارنى ئىستاتىستىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ھىساپلاشقا بولىدىغانلىغى ئىسپاتلاندى. 1933 - يىلغا كەلگەندە سوۋېت ئىنتىپاقى ئالىمى ئا. ن. كولموگوروۋ ئېھتىماللىقنىڭ ئاكسىوماتىكىلىق سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېھ-تىماللىققا شۇ بويىچە ئېنىقلىما بەرگەندىن كېيىن، كىشىلەر تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىغىنى ھىساپلاشنى ئېھتىماللىقنىڭ كىلاسسىك ئېنىقلىمىسى دەپ ئاتىدى. كىلاسسىك ئېھتى-ماللىق ــ ئېھتىماللىق نەزەرىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا زور رول ئوينىغان بولۇپ، تا ھازىرغا قەدەر ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا. ئۇنداق بولسا، بۇ ئىك-كى ئېنىقلىمىنىڭ ئورتاقلىغى ۋە پەرقى نەدە؟

ئورتاقلىغى: ئەگەر بىر $A$ ھادىسىنىڭ ئېھتىماللىغىنى ھەر ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ھى-ساپلاش مۇمكىن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى خىل ئېھتىماللىق ئوز ئارا تەڭ بولىدۇ. مەسىلەن: تەڭگىنى بىر قېتىم تاشلىغاندا $A$ - [ئوڭ] بولسا، كىلاسسىك ئېنىقلىمىغا ئاساسەن $n=2$ ، $m=1$ ، $P(A)=\frac{1}{2}$ بولىدۇ. ئىستاتىستىكىلىق ئېنىقلىمىغا ئاساسەن ئوخشاش نەتىجى-گە ئېرىشىمىز (جەدۋەلگە قاراڭ).

5 دانە قارا، 5 دانە ئاق شارىك بار ساندۇقتىن ئىختىيارى بىرىنى ئالغاندا $A$ - [ئاق] بولسا، كىلاسسىك ئېھتىماللىق بويىچە $n=C_{10}^1=10$ ، $m=C_5^1=5$ ، $P(A)=\frac{m}{n}=\frac{1}{2}$ بولىدۇ (ئالدىنقى ماقالىدا بۇنى ئىستاتىستىكىلىق ئۇسۇلدا ھىساپلاشنى كورگەن ئىدۇق).

سىممېتىرىك كۇپنى بىر قېتىم تاشلىغاندا، ئۇنىڭ خالىغان بىرى تەرىپىنىڭ ئېھتىماللىغىنىڭ

$P[i]=\frac{1}{6}$ $(i=1،2، 3، 4، 5، 6)$ بولىدىغانلىغىنى ھەر ئىككى ئېنىقلىمىغا ئاسا-سەن ھىساپلاش مۇمكىن.

پەرقى: (1) كىلاسسىك ئېنىقلىمىدىن پايدىلانغاندا ھىساپلاش ھەم ئاسان، ھەم تېز بولىدۇ. كىلاسسىك تەجرىبىدىكى بىر ھادىسىنىڭ ئېهتىماللىغىنى ھىساپلاش توغرا كەلگەندە، زور تۈركۈمدىكى يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ئۈستىدە ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىيال توپلاش (ئەگەر بۇ ھادىسە شۇ خىلدىكى ھادىسىلەر قاتارىغا كىرسە) ياكى بۇ ھادىسە ئۈستىدە تەكرار تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىشتىن خالى بولىمىز. (2) كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەجرىبە قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، تەسادىپى ۋەقەلەر ئۈستىدىكى كۆزۈتۈشلىرى، تەكرارلىقنىڭ تۇرغۇنلىنىش خۇسۇسىيىتىنىڭ تەسادىپى ھادىسىلەرنىڭ تۈپ ئاساسي قانۇنىيەتلىرىدىن بىرسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىستاتىستىكىلىق ئېنىقلىما دەل ئەشۇ قانۇنىيەتنى ئىنكاس قىلىدىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ ئەلۋەتتە ئومۇملىققا ئىگە بولىدۇ. بىر ھادىسە، مەيلى ئۇ كىلاسسىك تەجرىبىدىكى ھادىسە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئېهتىماللىغىنى ئىستاتىستىكىلىق ئېنىقلىما ئارقىلىق ھىساپلاش مۇمكىن (ئەگەر ئۇ ھادىسە ئۈستىدە تەكرار تەجرىبە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولسا). كىلاسسىك ئېنىقلىما بولسا پەقەت يۇقۇرىدىكى ئىككى شەرتنى قانائەتلەندۈرىدىغان ھادىسىلەر ئۈچۈنلا كۈچكە ئىگە. مەسىلەن: ھەر بىر تەرىپىگە 1، 2، 3، 4، 5، 6 رەقەملىرىدىن بىرسى يېزىلغان مۇنتىزىم بولمىغان 6 تەرەپلىك (مەسىلەن: پاراللېلېپىپېد) نى بىر قېتىم تاشلىغىنىمىزدا [1]، [2]، [3]، [4]، [5]، [6] دىن ئىبارەت [6] دانە نەتىجىگە ئىگە بولىمىز ([1] بولسا 1 رەقىمى يېزىلغان تەرەپنىڭ يۇقۇرىغا قاراپ چۈشكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ). بىر باسما مىتنى تاشلىغىنىمىزدا $A$ — [يىڭنىسى يۇقۇرىغا قاراپ چۈشۈش]، $B$ — [يىڭنىسى يانتۇ چۈشۈش] دىن ئىبارەت ئىككى نەتىجىگە ئېرىشىمىز. كىلاسسىك ئېنىقلىمىغا ئاساسەن بىرىنچى تەجرىبىدىكى ھەر بىر نەتىجىنىڭ ئېهتىماللىغىنى $\frac{1}{6}$، ئىككىنچىسىدە $P(A) = \frac{1}{2}$ (ياكى $P(B) = \frac{1}{2}$) دەپ ھىساپلىساق خاتالىشىمىز. ھەر قايسى تەجرىبىدىكى نەتىجىلەر ئۆز ئارا تەڭ ئىمكانىيەتلىك بولمىغانلىغى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېهتىماللىغى ئىستاتىستىكىلىق ئېنىقلىما بويىچە ھىساپلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن — ئومۇمەن كىلاسسىك تەجرىبىلەرگە كىرمەيدىغانلىكى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېهتىماللىغى چوقۇم ئىستاتىستىكىلىق ئېنىقلىما بويىچە ھىساپلىنىدۇ دىگەن خۇلاسە چىقمايدۇ. مەسىلەن: [3 پاي زىنىت زەمبىرەك ئوقى بىلەن بىر ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈش]، [ئىككى مەرگەننىڭ كەم دىگەندە بىرسىنىڭ نىشانغا تەككۈزۈش]،... قاتارلىق ھادىسىلەر، مۇرەككەپ ھادىسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئېهتىماللىق نەزىرىيىسىدە بۇ خىل ھادىسىلەرنى ھىساپلاشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى ۋە فورمۇلالىرى بار. بۇ يەردە تەپسىلى سۆزلىمەيمىز.

III كىلاسسىك تەجرىبىلەردىكى ھادىسىلەر تەكرارلىقنىڭ تۇرغۇنلىشىش خۇسۇسىيىتىگە بويسۇنىدىغانلىقتىن، كىلاسسىك ئېهتىماللىقمۇ خۇددى ئىستاتىستىكىلىق ئېهتىماللىققا ئوخشاش ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ھەم ئېهتىماللىقنى ھىساپلاش جەريانىنى ئاددىلاشتۇرىدۇ ھەم ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئىنكاس قىلىدۇ.

تارىختا كىشىلەر تەڭگە تاشلاش تەجرىبىسىدىكى تەكرارلىقنىڭ $\frac{1}{2}$ گە تۇرغۇنلىشىدىغانلىغى

نى تەكرار تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| تەجرىبە قىلغۇچى | تاشلاش سانى | ئۈڭ چۈشكەن سانى | تەكرارلىقى |
| --- | --- | --- | --- |
| Buffon | 4040 | 2048 | $2048/4040=0{\cdot}5080$ |
| K·Piarsun | 12000 | 6019 | $6019/12000\approx 0{\cdot}5016$ |
| K·Piarsun | 24000 | 12012 | $12012/24000=0{\cdot}5005$ |

بىز كىلاسسىك ئېھتىمال ئېنىقلىمىسىدىن پايدىلىنىپ $P(A)=\frac{1}{2}$ (ياكى $P(B)=\frac{1}{2}$) نى ئاسانلا كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. ($A$ – [ئۈڭ]، $B$ – [تەتۈر]). $\frac{1}{2}$ ئېھتىماللىق گەرچە كىلاسسىك ئېنىقلىما بويىچە ھىساپلانغان بولسىمۇ، تەكرارلىقنىڭ $\frac{1}{2}$ گە تۇرغۇنلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئوبىكتىپ قانۇنىيەتنى توغرا ئىنكاس قىلدى.

تەجرىبە شەرتلىرى تولۇق بېجىرىلگەندە، تەكرارلىقىنىڭ خۇددى جەدۋەلدىكىدەك تۇرغۇنلىشىش ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشىدە شەك يوق. ناۋادا، سىز $A$ ھادىسە ئېھتىماللىقىنى كىلاسسىك ئېنىقلىما بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىستاتىستىكىلىق ئۇسۇل بويىچە ئېنىقلىماقچى بولۇپ، تەكرار تەجرىبە ئېلىپ بارغىنىڭىزدا، تەكرارلىق $\frac{1}{2}$ گە تۇرغۇنلاشمىسا، بۇ پەقەت سىزنىڭ تەجرىبە شەرتلىرىنى تولۇق بېجىرمىگەنلىكىڭىز تۈپەيلىدىن، بۇ تەجرىبىنىڭ "تەڭ ئىمكانىيەتلىك" شەرتىنى قانائەتلەندۈرمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تەڭگە بىر جىنسلىق مېتالدىن ئىشلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن، شەكلىمۇ سىممېتىر بولماي قېلىشى مۇمكىن،... سىز بۇنىڭلىق بىلەن كىلاسسىك ئېنىقلىما بويىچە ھىساپلانغان $P(A)=\frac{1}{2}$ نىڭ توغرىلىقىغا گۇمانلىنىشىڭىز ھاجەتسىز.

VI كىلاسسىك ئېھتىماللىق تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە ھىساپلىنىدۇ:

1 – باسقۇچ. ئاۋال، شۇ مەسىلىدىكى تەجرىبىنى ۋە ئۇنىڭ مۇمكىن بولغان نەتىجىلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش.

2 – باسقۇچ. تەڭ ئىمكانىيەتلىك نەتىجىلەرنىڭ جەمى سانى $n$ نى ھىساپلاش.

3 – باسقۇچ. ئېھتىماللىقىنى ھىساپلاش تەلەپ قىلىنغان $A$ ھادىسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى چۈشىنىش ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەتىجىلەر سانى $m$ نى ھىساپلاش.

4 – باسقۇچ. فورمۇلا $P(A)=\frac{m}{n}$ دىن پايدىلىنىپ $A$ ھادىسىنىڭ ئېھتىماللىقىنى ھىساپلاش.

V مىساللار

1 – مىسال. 8 توپ كوماندىسىنى ھەر بىر گۇرۇپپىدا 4 تىن كوماندا بولغان 2 گۇرۇپپىغا بولۇپ مۇسابىقە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ 8 كوماندا ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك كوماندىدىن 2 سى بولۇپ، بولۇنگەندە بۇ 2 كوماندىنىڭ بىر گۇرۇپپىدا بولۇش ئېھتىماللىقىنى ھىساپلاڭ.



新疆教育

1 ـ خىل يېشىش ئۇسۇلى: بۇ مىسالدىكى تەجرىبە 8 كوماندىنى ھەر بىرسىدە 4 تىن كوماندا بولغان ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈش. گۇرۇپپىغا بۆلۈش ئۇسۇلىنىلا كۆزدە تۇتقاندا، بۆلۈش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئىككى گۇرۇپپىنى پەرقلەندۈرمەيمىز. مەسىلەن: بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ كوماندىلار بىر گۇرۇپپا، قالغانلىرى بىر گۇرۇپپا بولسا، بىز بۇ ئىككى گۇرۇپپىنى گۇرۇپپىغا بۆلۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قارايمىز ۋە ئۇ، مۇشۇ تەجرىبىنىڭ مۇمكىن بولغان بىر نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. 8 كوماندىنى 4 تىن ئىككى گۇرۇپپىغا بولگەندىكى گۇرۇپپا سانى، 8 ئېلېمېنتنى 4 تىن گۇرۇپپىلاشنىڭ ئومۇمى سانى $C_8^4$ گە تەڭ. يۇقۇرىدىكى كۆزقارىشىمىزغا ئاساسەن، بۇ تەجرىبىدىكى مۇمكىن بولغان نەتىجىلەرنىڭ سانىنى 2 گە بۆلۈۋەتكەنگە تەڭ: $n = C_8^4/2$ ئەڭ كۈچلۈك ئىككى كوماندىنىڭ بىرىنى $A$، بىرىنى $B$ كوماندا دەيلى، ئۇ ھالدا، $A$ بىلەن $B$ نىڭ بىر گۇرۇپپىدا بولۇشىنىڭ $m = C_2^2\ C_6^2$ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ ($A$، $B$ دىن باشقا 6 كوماندىدىن ئىختىيارى 2 دىن ئالىمىز، ئېلىنغان ھەر بىر جۈپ كوماندا بۇ ئىككىسى بىلەن بىر گۇرۇپپا تۈزىدۇ). سورالغان ئېھتىماللىق

$$P = \frac{m}{n} = \frac{C_2^2\ C_6^2}{\frac{1}{2}\ C_8^4} = \frac{15}{35} = \frac{3}{7}$$ بولىدۇ.

2 ـ خىل يېشىش ئۇسۇلى: 8 نى 4 تىن بولگەندە پەيدا بولغان ئىككى گۇرۇپپىنى ئۆز ئارا پەرقلەندۈرىمىز. مەسىلەن: بۆلۈش نەتىجىسىدە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ كوماندىلار بىر گۇرۇپپا، قالغانلىرى بىر گۇرۇپپا بولسا، بۇ ئىككىسىنى بۇ تەجرىبىنىڭ مۇمكىن بولغان 2 نەتىجىسى دەپ قارايمىز. ئۇ ھالدا بۇ تەجرىبىدىكى مۇمكىن بولغان نەتىجىلەر جەمى $n = C_8^4$ خىل بولىدۇ. ئەندى ئېھتىماللىقى سورالغان ھادىسە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەتىجىلەر سانىنى ھېسابلايلى. $A$،$B$ كوماندا بولۇنگەن ئىككى گۇرۇپپىنىڭ خالىغان بىرسىدە بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ $C_2^1$ خىل ئۇسۇلى بار. قالغان 6 كوماندىدىن ئىختىيارى ئىككىدىن ئېلىپ بۇ ئىككىسى بولغان گۇرۇپپىغا قوشىمىز، بۇنىڭ $C_6^2$ خىل ئۇسۇلى بار. قالغان 4 كوماندا بىر گۇرۇپپا تۈزىدۇ (بۇ گۇرۇپپا $A$، $B$ نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە). شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تەجرىبىدە $A$، $B$ نى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇرۇپپىدىن جەمى $m = C_2^1\ C_6^2$ نى تۈزۈش مۇمكىن سورالغان ئېھتىماللىق

$$P = \frac{m}{n} = \frac{C_2^1\ C_6^2}{C_8^4} = \frac{30}{70} = \frac{3}{7}$$ بولىدۇ.

3 - خىل يېشىش ئۇسۇلى: 8 كوماندىنى ھەر گۇرۇپپىدا 4 كوماندىدىن ئىككى گۇرۇپپىغا بولگەندە پەقەت ۋە پەقەتلا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ:

بىرىنچىسى، ئا، ب بىر گۇرۇپپىدا بولىدۇ. بۇنىڭ $C_2^2\ C_6^2$ خىل ئۇسۇلى بار.

ئىككىنچىسى، ئا، ب ئىككىسى بىر گۇرۇپپىدا بولمايدۇ، يەنى ئىككىسى ئىككى گۇرۇپپىدا بولىدۇ. بۇنىڭ $C_2^1\ C_6^3/2 = C_6^3$ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ.

تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەردىن جەمئى $C_6^2 + C_6^3$ گە ئىگە بولىمىز. سورالغان ئېھتىماللىق: $P = \frac{C_6^2}{C_6^2 + C_6^3} = \frac{15}{15+20} = \frac{3}{7}$ بولىدۇ. (بۇ يەردە ئىككى گۇرۇپپا پەرقلەندۈرۈلمەي مۇلاھىزە قىلىندى. ئەگەر پەرقلەندۈرۈلگەندە ئوخشاشلا $P = \frac{C_2^1\ C_6^2}{C_2^1 \cdot C_6^2 + C_2^1 \cdot C_6^3} = \frac{3}{7}$ گە ئېرىشىمىز.

4 - خىل يېشىش ئۇسۇلى: گۇرۇپپىغا بولگەندە ھەر بىرىگە 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8 رەقەملىرىدىن بىرى يېزىلغان 8 دانە ئوخشاش باغاقلاردىن ھەر بىر كوماندا ئىختىيارى ھالدا بىردىن ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. بۇ تەجرىبىدە ھەر بىر كوماندىنىڭ بىردىن باغاق ئېلىشى بىر نەتىجە بولغاچقا مۇمكىن بولغان تەڭ ئىمكانىيەتلىك نەتىجىلەردىن جەمئى $8!$ خىلغا ئېرىشىمىز. بۇنىڭدا مەسىلەن: 1، 2، 3، 4 نى ئالغانلارنى بىر گۇرۇپپا، قالغانلىرىنى بىر گۇرۇپپا دەپ بەلگىلىشىمىز مۇمكىن. باغاقنى دەسلەپ $A$ كوماندا ئالسۇن، بۇنىڭ 8 خىل ئېلىش ئۇسۇلى بار. ئىككىنچى قېتىم $B$ كوماندا ئالسۇن. ئۇ $A$ كوماندا بىلەن بىر گۇرۇپپىدا بولۇش ئۈچۈن 3 خىل ئېلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. قالغان 6 كوماندىنىڭ 6 باغاقنى ئېلىشىنىڭ $6!$ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. شۇڭا سورالغان ھادىسە $8 \times 3 \times 6!$ دانە تەڭ ئىمكانىيەتلىك نەتىجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن $P = \frac{8 \times 3 \times 6!}{8!} = \frac{3}{7}$ بولىدۇ.

بۇ يېشىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ سەۋەبى ھەر بىر تەجرىبىدىكى تەڭ ئىمكانىيەتلىك نەتىجىلەرنىڭ سانى تەڭ ئەمەس. بىر مەسىلىنى يەشكەندە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن جەمئى نەتىجىلەر سانى تەڭ بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بىر تەجرىبىگە نىسبەتەن تەڭ ئىمكانىيەتلىك نەتىجىلەرنىڭ جەمئى سانى بىلەن ئېھتىماللىقى ھېسابلاش تەلەپ قىلىنغان ھادىسە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەتىجىلەر سانىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى بىر خىل بولۇش لازىم. ئەكسىچە بولغاندا خاتالىشىمىز. مەسىلەن: بىرىنچى خىل يېشىش ئۇسۇلى بىلەن ھېسابلىغاندا $n = C_8^4/2$ بولىدۇ. ئۇ ھالدا $m = C_2^2\ C_6^2$ بولۇشى لازىم. ئەگەر

بۇ چاغدا، $m$ نى ئىككىنچى خىل يېشىش ئۇسۇلى بويىچە $m=C_2^1\ C_6^2$ دەپ ھېساپلاشقا بولمايدۇ.

2 ـ مىسال. 1، 2، 3، 4، 5، 6 رەقەملىرى يېزىلغان 6 دانە ئوخشاش باغاقلاردىن ئىختىيارى ئىككىسى ئېلىندى. ئېلىنغان ھەر ئىككى باغاقتا جۈپ سان يېزىلغان بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقىنى ھېساپلاڭ.

يېشىش: بۇ مىسالدا باغاقنىڭ قانداق ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن دېيىلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك مۇلاھىزە قىلىپ ئىشلەيمىز.

1) ئىككى باغاق تەڭ ئېلىندى دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇ ھالدا باغاقلارنىڭ ئېلىنىش تەرتىۋى ھېساپقا ئېلىنمايدۇ. $n=C_6^2=15$ بولىدۇ. بۇ مىسالدا ئىككى رەقەمنىڭ چىقىشى ئۆزى بىر نەتىجە بولىدۇ. 15 نەتىجىنى كونكرېت يېزىپ چىقىشىمىز مۇمكىن: (1،2)، (1،3)، (1،4)، (1،5)
(1،6)، (2،3)، (2،4)، (2،5)، (2،6)، (3،4)، (3،5)، (3،6)، (4،5)، (4،6)، (5،6)
ھەر ئىككىسى جۈپ سان چىقىش ئۈچۈن 3 دانە جۈپ ساندىن ئىككىدىن تاللايمىز. يەنى

$$m=C_3^2=3$$

كونكرېت يازساق ئېھتىماللىقى سورالغان ھادىسە مۇنۇ نەتىجىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (2،4)، (2،6)، (4،6). $P=\frac{m}{n}=\frac{3}{15}=\frac{1}{5}$ بولىدۇ.

2) ئىككى باغاق كەينى ـ كەينىدىن ئېلىندى دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىنىش مۇمكىن:

(1) بىرىنچى قېتىم ئېلىنغان باغاق قايتۇرۇلماي، ئىككىنچى قېتىمدا قالغان باغاقلاردىن ئېلىندى. بۇنىڭدا باغاقلارنىڭ تەرتىۋى ھېساپقا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى قېتىم 5، ئىككىنچى قېتىم 6 ئېلىنىش ئۇسۇلى بىلەن بىرىنچى قېتىمدا 6، ئىككىنچىسىدە 5 ئېلىنىشىنى پەرقلەندۈرۈپ قارايمىز. ئۇ ھالدا،

$n=A_6^2=6\times5=30$ $\quad m=A_3^2=3\times2=6$ $\quad P=\frac{6}{30}=\frac{1}{5}$ بولىدۇ.

(2) بىرىنچى قېتىم ئېلىنغان باغاقتىكى رەقەمنى كۆرۈۋېلىپ، قايتۇرۇپ رەقەملەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋېتىپ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئېلىندى دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇنداق ئېلىشنى ئادەتتە قايتۇرۇۋېلىش دەپ ئاتايمىز. ئۇ ھالدا ھەر ئىككى قېتىمدا 6 باغاقنىڭ ئارىسىدىن ئىختىيارى بىرسى ئېلىنىدۇ. يەنى

$$n=6\times6=36$$

شۇنداقلا $m=3\times3=9$ بولغاچقا، $P=\frac{9}{36}=\frac{1}{4}$ بولىدۇ.

3 ـ مىسال. 3 ئادەمنىڭ ھەر بىرسى ھەپتىنىڭ خالىغان بىر كۈنىدە پەقەت بىر كۈنلا ئەمگەككە قاتنىشىشى مۇمكىن. بۇ 3 ئادەمنىڭ ھەپتىنىڭ ئوخشىمىغان 3 كۈنىدە ئەمگەككە قاتنىشىش ئېھتىماللىقىنى ھېساپلاڭ.

يېشىش: 3 ئادەمنىڭ 7 كۈننىڭ خالىغان 3 كۈننى تاللىۋېلىشى بىر تەجرىبە بولىدۇ. بۇ 3 ئادەمنىڭ بىرىنچىسى ھەپتىنىڭ خالىغان بىر كۈننى ئەمگەك كۈنى قىلىپ تاللىۋېلىشى مۇمكىن بولغانلىقتىن جەمى 7 خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. مەيلى ئۇ قايسى كۈننى تاللىسۇن، ئىككىنچىسىمۇ، 7 كۈننىڭ خالىغان بىر كۈننى تاللايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىشىنىڭ جەمى $7^2 = 7 \times 7$ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. بۇنىڭ ھەر بىر خىل ئۇسۇلىغا ئۈچىنچىسىنىڭمۇ 7 خىل ئەمگەككە چىقىش ئۇسۇلى توغرا كېلىدۇ (ئۈچىنچى ئادەممۇ ھەپتىنىڭ خالىغان بىر كۈننى تاللايدۇ). شۇڭا بۇ تەجرىبىدە $n = 7^3$ خىل نەتىجىگە ئىگە بولىمىز.

بىرىنچىسى ھەپتىنىڭ خالىغان بىر كۈننى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈندە ئەمگەككە چىقماسلىقى ئۈچۈن قالغان 6 كۈننىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللىۋالىدۇ، ئۈچىنچىسى بولسا قالغان 5 كۈننىڭ خالىغان بىر كۈننى تاللايدۇ. شۇڭا 3 ئادەمنىڭ ھەپتىنىڭ ئوخشىمىغان 3 كۈنىدە ئەمگەككە قاتنىشىشىنىڭ جەمى $7 \times 6 \times 5$ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. يەنى ئېھتىماللىقى سورالغان ھادىسە $m = 7 \times 6 \times 5$ خىل نەتىجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سورالغان ئېھتىماللىق

$$P = \frac{m}{n} = \frac{7 \times 6 \times 5}{7^3} = \frac{30}{49}$$ بولىدۇ.

ئەگەر 3 ئادەمنى 3 شارىك، 7 كۈننى 7 قۇتا دەپ قارىساق ئۇ ھالدا 3 ئادەمنىڭ 7 كۈننىڭ خالىغان 3 كۈننى تاللىۋېلىشى بىلەن 3 شارىكنى 7 قۇتىغا ئىختىيارى سېلىش تەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ $7^3$ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. ئومۇمەن $r$ شارىكنى $n$ دانە قۇتىغا ئىختىيارى سېلىشنىڭ $n^r$ خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنى ئېھتىماللىقتا ئومۇملاشتۇرۇپ قۇتا سخېمىسى دەپ ئاتايدۇ.

دېمەك، تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئوقۇتقاندا، ئېھتىماللىقنىڭ ئېنىقلىمىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە ئەتراپلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئۇسۇللىرىنىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈش كېرەك. شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرى مۇستەقىل ھالدا ئاددىراق تەجرىبىلەردىكى تەڭ ئىمكانىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئانالىز قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ۋە ھېساپلاپ چىقىرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، بۇ پاراگراپتىكى مەزمۇننى تولۇق ئىگەللىۋېلىشىغا ئاساس سالىدۇ.

---

( بېشى 38 - بەتتە )

تەڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەر قانداق كەرپ تەرەپلىكلەرنىڭ خالىغان بىر بۇلۇڭىنىڭ چوققىسىدىن دىئاگونالλلار يۈرگۈزگەندە تەرەپ سانىدىن ئىككىسى كەم بولغان ئۈچبۇلۇڭلار كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەر قانداق كوپ تەرەپلىكنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسىنىڭ $180 (n-2)$ فورمۇلا بويىچە يېشىلىدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز.

يۇقۇرىقى ئىسپاتلاشلار جەريانىدا بىز كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا، ئاندىن يەنە ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتىمىز. كونكرېت نەرسىلەر بىلەن ئابستراكت نەرسىلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئابستراكت نەرسىلەر كونكرېت نەرسىلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن، "ئۈچبۇلۇڭلۇقنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى $180°$ قا تەڭ" دېگەن ئىبارەت بۇ ئابستراكت نەرسە ئەمەلىيەتتە ئۈچبۇلۇڭلۇقنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى (تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ، كەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ، تاربۇلۇڭلۇق ئۈچبۇلۇڭ ۋە باشقىلار)، ھەر خىل توت تەرەپلىكلەر (تىك توت بۇلۇڭ، پاراللېل گرام، تىراپىتسىيە قاتارلىقلار) ۋە كوپ تەرەپلىكلەر (بەش، ئالتە، سەككىز تەرەپلىك قاتارلىقلار) ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش.

# ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىگە دائىر بىر مىسال

ئابدۇرېھىم ئۆمەر

(قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن)

تەپەككۇر بىلىشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ۋە ھەر خىل پەننى بىلىملەرنى ئىگەللەشتە باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىگە تايىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىلىشىگە ئەگىشىپ تەپەككۇر پائالىيىتىمۇ پەيدىن - پەي تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ.

بىز ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك ئىچكى قانۇنلىرى توغرىسىدا مەلۇم كونكرېت چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن شۇ شەيئىنىڭ مېڭىمىزدىكى سەزگۈ ۋە ئىدراك ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇلارنى يەنە مېڭىمىزدە ئانالىز قىلىش، سىنتېزلاش، سېلىشتۇرۇش، ئابستراكتلاش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇ شەيئى توغرىسىدا مەلۇم خۇلاسە چىقىرىمىز. يەنى ئالدى بىلەن ئۆگەنمەكچى بولغان ئوبيېكتنى بىر قانچە قىسىملارغا بۆلۈپ، بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تەھلىل قىلىمىز ۋە بۇ قىسىملارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پەرقى، ئوخشاشلىقى جەھەتتە بىلىم ھاسىل قىلىمىز. ئاندىن ئانالىز قىلىنغان بۇ قىسىملارنىڭ ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنىڭ رولى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارنى بىر پۈتۈن نەرسە سۈپىتىدە قاراپ (سىنتېزلاپ) چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز.

بىز يەنە ئۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئومۇمىي ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىۋېلىپ، يەنى ئابستراكتلاپ چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز. ئاندىن يەنە بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرگە كېڭەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسە چىقىرىمىز. ئاخىرىدا بىز ھاسىل قىلغان بۇ بىلىمنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش (ئەمەلىي مەسىلە - مىساللارنى يېشىش) ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا تەدبىقلاش ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىمىز ۋە سىستېمىلىق بىلىمگە ئايلاندۇرىمىز.


ئوقۇتۇش تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆگىنىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پەننى بىلىملەرنى ياخشى ئىگەللەش ۋە بۇ جەرياندا ھەر بىر ئابستراكت قائىدە - قانۇن ۋە تېئورېمىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىي خۇلاسە چىقىرالايدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

تۆۋەندە بىر سائەتلىك گېئومېترىيە دەرسىدە "ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى 180° قا تەڭ" دېگەن بۇ ئاددى

تېورېمىنى ئىسپاتلاش جەريانىدىكى تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

"ئۈچبۇلۇڭلار ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى 180° قا تەڭ" دېگەن تېورېمىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا مەزمۇنلارغا تەدبىقلاش جەريانى بۇ دەرستىكى ئاساسىي تەپەككۇر جەريانىدۇر. بىز بۇ تېورېمىنى ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۆزىنى سىزىپلا ئىدراك قىلىش يولى بىلەن بىۋاستە ئىسپاتلىيالمايمىز. ۋاستىلىق ھالدا ئومۇملاشتۇرۇش — تەپەككۇر جەريانىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى، شۇڭا بىز بۇ يەردە ياردەمچى تۈز سىزىق ۋە باشقا ياردەمچى ئېلېمېنتلارنى ئېلىپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ۋاستىلىق ھالدا ئىسپاتلايمىز.




ئىسپات: (بۇ يەردە ئىسپات تەلىۋى ۋە ئىسپاتلاش جەريانىدىكى قوشۇمچە گەپلەر قىسقارتىلىپ مۇھىم نۇقتىلارلا بايان قىلىندى)

$BC$ نىڭ داۋامىدىن $CD$ نى ۋە $AB$ گە پاراللېل قىلىپ $CE$ ياردەمچى تۈز سىزىقلارنى سىزغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىم - ئايرىم سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىمىز يەنى $\angle B$ بىلەن $\angle ECD$ لار بولسا ئىككى پاراللېل تۈز سىزىقنى ئۈچىنچى بىر تۈز سىزىق كېسىپ ئۆتكەندە ھاسىل بولغان بىر خىل ئورۇنلۇق بۇلۇڭ، $\angle A$ بىلەن $\angle ACE$ لار بولسا ئىچكى ئالماش بۇلۇڭ، $C$ نۇقتىنى ئۇچ قىلغان $BCD$ تۈز سىزىق ئۈستىدىكى بۇلۇڭ تۈز بۇلۇڭ. شۇڭا ئىككى پاراللېل تۈز سىزىقنى ئۈچىنچى تۈز سىزىق كېسىپ ئۆتكەندە ھاسىل بولغان بۇلۇڭلارنىڭ خۇسۇسىيەت تېورېمىسىغا ئاساسەن بۇ يەردىكى بىر خىل ئورۇنلۇق بۇلۇڭ ۋە ئىچكى ئالماش بۇلۇڭلارنىڭ ئۆزئارا تەڭلىكىنى يەنى $\angle B = \angle ECD$، $\angle A = \angle ACE$ لارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. بۇ مۇناسىۋەتلەردىن $\angle A + \angle B$ نىڭ $\angle ACE + \angle ECD$ (تاشقى بۇلۇڭ $ACD$) گە تەڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۈچبۇلۇڭلۇقنىڭ ئىچكى بۇلۇڭى $\angle C$ بىلەن قوشۇلۇپ $C$ نۇقتا ئەتراپىدىكى بىر تۈز بۇلۇڭغا تەڭ بولىدىغانلىقى بويىچە سىنتېزلاپ چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز. ئاندىن ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە $C$ نۇقتا ئەتراپىدىكى تۈز بۇلۇڭغا تەڭلىكى ۋە $C$ نۇقتا ئەتراپىدىكى تۈز بۇلۇڭنىڭ 180° قا تەڭ بولىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ "ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسىنىڭ 180° قا تەڭ" بولىدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز.

"ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى 180° قا تەڭ" دېگەن بۇ تېورېما ئابستراكت تېورېمىدۇر. چۈنكى بىز بۇ ئابستراكت تېورېمىنى پەقەت كونكرېت چۈشەنچىلەر ياردىمى بىلەنلا كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. ھەم بۇ تېورېما ھەرقانداق شەكىلدىكى بارلىق ئۈچبۇلۇڭلار ئۈچۈن ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇنداق قىلىپ بۇنى ئابستراكتسىيىلەش جەريانىغا تايىنىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق "ھەر قانداق ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى 180° قا تەڭ" دېگەن خۇلاسىغا يىغىنچاقلايمىز ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تېورېمىغا ئاساسەن ئەمەلىي مەسىلە - مىساللارنى ئىشلەپ ئۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىمىز.

ئەڭ ئاخىرىدا بۇ تېورېمىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ بارلىق تۆت تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىكلەرگە تەدبىقلايمىز.

مەسىلەن، ئەگەر "بىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى 180° قا تەڭ" بولسا، ئۇ ھالدا: ھەر قانداق تۆت تەرەپلىك (تىك تۆت بۇلۇڭ، رومبا، كۋادرات، پاراللېل تۆت تەرەپلىك، تراپېتسىيە) لەرنىڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىنىڭ يىغىندىسى چوقۇم 360° قا

(ئاخىرى 36 - بەتتە)

# كوپەيتىش كەررىلىرىنى ئۇقۇتۇش ھەققىدە

كوپەيتىش كەررىلىرى جەدۋەل ئىچىدە بولۇش ۋە كوپ خانىلىق سانلارنى كوپەيتىش - بولۇشنى ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى، بۇ، 20 ئىچىدە قوشۇش ۋە ئېلىشقا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار جەزمەن پىششىق ئىگەللىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي ماھارەتنىڭ بىرى. كوپەيتىش كەررىلىرىنى ئوتتۇشتە ئاساسلىغى تۇۋەندىكى بىر نەچچە ھالقىلارنى چىڭ تۇتتۇم.

1. "كوپەيتىش بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش" نى ياخشى تۇتۇش ئاساسىدا، ئوقۇغۇچىلارغا كەررىلەرنىڭ قانداق تۇزۇلگەنلىكىنى بىلدۇردۇم.

1) 20 ئىچىدە ئوخشاش سانلارنى ئۇز ئارا قوشۇشنى ئوقۇغۇچىلار ئاللىقاچان پىششىق ئىگەللىۋالغان، ئوقۇتۇش ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلاردىكى بۇ بىلىم ماھارىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كوپەيتىشنىڭ مەنىسىگە بىرلەشتۇرۇپ كەررىلەرنى سوزلىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا ئۆگىنىپ، ئاسانلا ئەستە قالدۇرالىدى. مەسىلەن، ئالدى بىلەن قوشۇشنىڭ ھىساپلاش ئىپادىسىنى كوپەيتىشنىڭ ھىساپلاش ئىپادىسىگە ئۆزگەرتىپ يازدىم. يەنى،

| | | | |
|---|---|---|---|
| $1 + 1 = 2$، | $1 \times 2 = 2$، | $1 + 1 + 1 = 3$، | $1 \times 3 = 3$ |
| $2 + 2 = 4$، | $2 \times 2 = 4$، | $2 + 2 + 2 = 6$، | $2 \times 3 = 6$ |
| $3 + 3 = 6$، | $3 \times 2 = 6$، | $3 + 3 + 3 = 9$، | $3 \times 3 = 9$ |
| ...... | ...... | ...... | ...... |

يەنە ھىساپلاش ئىپادىسىگە ئاساسەن كەررىلەرنى تۇزدىم. مەسىلەن:

2 يەردە 7 بولسا 14، 3 يەردە 8 بولسا 24.

قوشۇش بويىچە ھىساپلاش: $7 + 7 = 14$ $8 + 8 + 8 = 24$،

كوپەيتىش بويىچە ھىساپلاش: $7 \times 2 = 14$ $8 \times 3 = 24$،

كەررىسى: ئىككى يەردە يەتتە ئون توت. ئۇچ يەردە سەككىز يىگىرمە توت.

2) ئوقۇغۇچىلارغا ئۇز ئارا خوشنا ئىككى كەررىنىڭ ئۇز ئارا پەرقىنىڭ قانچە بولىدىغانلىغىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن، ئوقۇتقاندا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا تۇۋەندىكىلەرنى كۆزەتكۆزدىم. مەسىلەن: $4 \times 1 = 4$ (بىر يەردە توت توت)، $4 \times 2 = 8$ (ئىككى يەردە توت سەككىز)، $4 \times 3 = 12$ (ئۇچ يەردە توت ئون ئىككى)، $4 \times 4 = 16$ (توت يەردە توت ئون ئالتە).

ئاندىن، ئۇچ يەردە توتنىڭ كوپەيتمىسى ئون ئىككى، بۇ كوپەيتمىنىڭ ئىككى يەردە توتنىڭ كوپەيتمىسى بىلەن بولغان پەرقى قانچە؟ توت يەردە توتنىڭ كوپەيتمىسى بىلەن بولغان پەرقى قانچە؟ نىمە ئۇچۇن؟ دەپ سورىدىم.

ئوقۇغۇچىلار كەررىلەرنىڭ كېلىش مەنبەئەسى، ئۇنىڭ كۆپەيتىش ھەم قوشۇش ئىپادىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن كەررىلەرنى پىششىق ئەستە تۇتۇۋېلىشقا ئاساس سېلىندى.

2. كۆپەيتىش كەررىلىرى جەدۋىلىنى مەشق قىلىش

1) دەرسلىككە ئاساسەن، توغرىسىغا ياد ئېلىش، تىككىسىگە ياد ئېلىش، "ئايلاندۇرۇپ" ياد ئېلىش مەشق قىلدۇرۇلىدۇ. مېنىڭچە "ئايلاندۇرۇپ" ياد ئېلىشنى مەشق قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم. چۈنكى "ئايلاندۇرۇپ" ياد ئېلىشتا "كىچىك كەررە جەدۋىلى" دىكى كەم يەرلەرنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: 4: 20 دە بولگۈچى 4، 4 نىڭ كەررىسىنى قوللىنىش كېرەك، لېكىن 4 نىڭ كەررىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كەررە "توت يەردە توت ئون ئالتە"، بولۇنمە 4 بولسا بەك كىچىك بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا "ئايلاندۇرۇپ" ياد ئېلىش قوللىنىلسا، "توت يەردە بەش يىگىرمە"، بولۇنمە 5 بولىدۇ.

2) گۇرۇپپىلارغا بولۇپ مەشق قىلىش. مەسىلەن، (1) 5 نى تاق سانغا كۆپەيتىش بىلەن 5 نى جۈپ سانغا كۆپەيتىشنى ئايرىم - ئايرىم مەركەزلىك مەشق قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىشكە يېتەكلەپ، 5 نى تاق سانغا كۆپەيتكەندە كۆپەيتمىنىڭ بىرلەر خانىسىدا دائىم 5 بولىدىغانلىقى، 5 نى جۈپ سانغا كۆپەيتكەندە كۆپەيتمىنىڭ بىرلەر خانىسىدا دائىم 0 بولىدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش كېرەك. (2) كۆپەيتكۈچىسى 3 بولغان كۆپەيتىش كەررىلىرىنى مەركەزلىك مەشق قىلدۇرۇش كېرەك:

$1 \times 3 = 3$ (بىر يەردە ئۈچ ئۈچ)، $2 \times 3 = 6$ (ئىككى يەردە ئۈچ ئالتە)

$3 \times 3 = 9$ (ئۈچ يەردە ئۈچ توققۇز)، $4 \times 3 = 12 \xrightarrow{1+2} 3$ (ئۈچ يەردە توت ئون ئىككى)

$6 \times 3 = 18 \xrightarrow{1+8} 9$ (ئۈچ يەردە ئالتە ئون سەككىز)

$5 \times 3 = 15 \xrightarrow{1+5} 6$ (ئۈچ يەردە بەش ئون بەش)

$8 \times 3 = 24 \xrightarrow{2+4} 6$ (ئۈچ يەردە سەككىز يىگىرمە توت)

$7 \times 3 = 21 \xrightarrow{2+1} 3$ (ئۈچ يەردە يەتتە يىگىرمە بىر)

$9 \times 3 = 27 \xrightarrow{2+7} 9$ (ئۈچ يەردە توققۇز يىگىرمە يەتتە)

ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىشكە يېتەكلەش كېرەك: بۇ يەردە كۆپەيتكۈچى 3 بولۇپ، كۆپەيتمىنىڭ ئونلار خانىسىدىكى سانغا بىرلەر خانىسىدىكى ساننى قوشقاندا ئۇلارنىڭ يىغىندىسى ھامان 3، 6، 9 بولىدۇ. (3) ئوخشاش سانلارنى ئۆز ئارا كۆپەيتىشكە دائىر كەررىلەرنى مەركەزلىك مەشق قىلدۇرۇش كېرەك. يەنى

$1 \times 1 = 1$ (بىر يەردە بىر بىر)، $2 \times 2 = 4$ (ئىككى يەردە ئىككى توت)

$3 \times 3 = 9$ (ئۈچ يەردە ئۈچ توققۇز) ......

新疆教育 管

(4) نەتىجىسى ئوخشاش بولغان كەررىلەرنى مەركەزلىك مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە گۇرۇپپا بار:

$9 < \begin{matrix} 9 \times 1 = 9 \\ 3 \times 3 = 9 \end{matrix}$ (بىر يەردە توققۇز توققۇز)
(ئۈچ يەردە ئۈچ توققۇز)

$12 < \begin{matrix} 4 \times 3 = 12 \\ 6 \times 2 = 12 \end{matrix}$ ، $3 \times 4 = 12$ ، $2 \times 6 = 12$ (ئۈچ يەردە تۆت ئون ئىككى)
(ئىككى يەردە ئالتە ئون ئىككى)

$16 < \begin{matrix} 8 \times 2 = 16 \\ 4 \times 4 = 16 \end{matrix}$ ، $2 \times 8 = 16$ (ئىككى يەردە سەككىز ئون ئالتە)
(تۆت يەردە تۆت ئون ئالتە)

$18 < \begin{matrix} 9 \times 2 = 18 \\ 6 \times 3 = 18 \end{matrix}$ ، $2 \times 9 = 18$ ، $3 \times 6 = 18$ (ئىككى يەردە توققۇز ئون سەككىز)
(ئۈچ يەردە ئالتە ئون سەككىز)

$24 < \begin{matrix} 6 \times 4 = 24 \\ 8 \times 3 = 24 \end{matrix}$ ، $4 \times 6 = 24$ ، $3 \times 8 = 24$ (تۆت يەردە ئالتە يىگىرمە تۆت)
(ئۈچ يەردە سەككىز يىگىرمە تۆت)

$36 < \begin{matrix} 9 \times 4 = 36 \\ 6 \times 6 = 36 \end{matrix}$ ، $4 \times 9 = 36$ (تۆت يەردە توققۇز ئوتتۇز ئالتە)
(ئالتە يەردە ئالتە ئوتتۇز ئالتە)

(5) ئوخشاي ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان كەررىلەرنى سېلىشتۇرۇپ مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك. مەسەلەن، ئىككى يەردە توققۇز ئون سەككىز بىلەن توققۇز يەردە توققۇز سەكسەن بىر، ئۈچ يەردە توققۇز يىگىرمە يەتتە بىلەن سەككىز يەردە توققۇز يەتمىش ئىككى، ئۈچ يەردە سەككىز يىگىرمە تۆت بىلەن ئالتە يەردە يەتتە قىرىق ئىككى، تۆت يەردە توققۇز ئوتتۇز ئالتە بىلەن يەتتە يەردە توققۇز ئاتمىش ئۈچ، بەش يەردە توققۇز قىرىق بەش بىلەن ئالتە يەردە توققۇز ئەللىك تۆت قاتارلىقلار. (6) ئەمىلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار ئىگەللەشكە قىيىن بولغانلىرىنى بايقاپ نۇقتىلىق مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ئالتە يەردە يەتتە قىرىق ئىككىنى بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەستە تۇتىۋالالمايدۇ. بۇ ھالدا، ئۇلارنى بەش يەردە يەتتە ئوتتۇز بەش، يەنە يەتتىنى قوشساق قىرىق ئىككى بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئالتە يەردە يەتتە قىرىق ئىككىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش كېرەك، ياكى ئۇلارغا يەتتە يەردە يەتتە قىرىق توققۇز قىرىق توققۇزدىن يەتتىسى ئاز بولغان سان قىرىق ئىككى بولىدىغانلىقىنى ئويلاندۇرۇپ، ئالتە يەردە يەتتە قىرىق ئىككىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش كېرەك. (7) بىر كەررە ئارقىلىق ئىككى كوپەيتىش ئىپادىسى ۋە ئىككى بولۇش ئىپادىسىنى يېزىپ چىقىش كېرەك. مەسىلەن،

تۆت يەردە توققۇز ئوتتۇز ئالتە. $< \begin{matrix} 9 \times 4 = 36 \\ 36 \div 4 = 9 \end{matrix}$ $\begin{matrix} 4 \times 9 = 36 \\ 36 \div 9 = 4 \end{matrix}$

بۇنداق مەشىق قىلدۇرغاندا ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى قىزىقىدۇ، ئىشلىتىشكىمۇ پايدىلىق. جەدۋەل ئىچىدە بولۇش $35 \div 5 = ?$ نى ھېساپلاشتا، ئوقۇغۇچىلارنى بولۇنغۇچىنىڭ بىرلەرخانىسىدىكى سان 5، بولگۈچى 5 نى پەقەت تاق سانغىلا كوپەيتكەندە كوپەيتمىنىڭ بىر خانىسىدا 5 كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاشقا يېتەكلەش كېرەك. شۇنداق قىلىپ بولۇنمىنىڭ 7 ئىكەنلىكىنى تېزلا تاپقىلى بولىدۇ.

(«باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىندى)

# ئۈچ قۇتۇپلۇق كرىستال لامپا نىمە ئۈچۈن توكنى كۈچەيتىدۇ

باتىناسىن

(شىنجاڭ داشۆي فىزىكا پاكولتېتى)

ئۈچ قۇتۇپلۇق كرىستال لامپا 1948 - يىلى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئېلېكترون لامپىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى ھەمدە پەن - تېخنىكىنىڭ نۇرغۇن ساھەسى، سانائەت، دولەت مۇداپىئەسى، ئالەمگە ئۇچۇش، رادار ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى قۇرۇلمىلاردا كەڭ كولەمدە ئىشلىتىلىپ، زور ئۈنۈم ھاسىل قىلماقتا. ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز، ھازىر ئەسلىدىكى يەككە - يەككە لامپا قاتارلىق نۇرغۇن بولەكچىلەر ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا ئۇلاش سىمى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىۋاتىدۇ، بۇنى بىز توپلاشتۇرۇلغان توك يولى دەيمىز.


تۆۋەندە ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ كۈچەيتىش پىرىنسىپىنى مۇزاكىرە قىلىمىز.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازى مىكرافوندا ناھايىتى ئاجىز ئاۋاز تەكرارلىغىدىكى توكنى پەيدا قىلىدۇ. بۇخىل ئېلېكتىر سىگنالى كانايغا بىۋاستە يوللانسا، كانايدىن ئىنتايىن ئاجىز ئاۋاز چىقىدۇ. بىز ئاساسىي جەھەتتىن ئاڭلىيالمايمىز. ئەگەر ئۇ، ئاجىز سىگنال كىرىستال لامپىنىڭ ئاۋاز كۈچەيتكۈچىسىگە ئۇلانسا كانايدىن كۈچەيتىلگەن ئاۋاز چىقىدۇ. ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ بۇ خىل ئاجىز سىگنالنى كۈچەيتىش ئىقتىدارىنى بىز ئادەتتە ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ توك كۈچەيتىش ئىقتىدارى دەيمىز.

ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپا ئاجىز سىگنالنى قانداق كۈچەيتىدۇ؟

بىر تەجرىبە توك يولى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىمىز. تەجرىبە قىلىش توك يولىنى تۆۋەندىكى رەسىمدە كورسىتىلگەندەك قۇراشتۇرايلى. ئاۋال يىققۇچى قۇتۇپ ئۈچۈق يول بولسۇن. ئاساسىي قۇتۇپ ۋە تارقاتقۇچى قۇتۇپ ئارىسىغا بىر ئۆك يونۇلۇشلۇك بېسىم بېرىپ، $I_b$ بىلەن $V_{be}$ نىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆزىتەيلى. ($I_b$ بولسا ئاساس قۇتۇپ توكى، $V_{be}$ ئاساس قۇتۇپ بىلەن تارقاتقۇچى قۇتۇپ ئارىسىغا چۈشكەن توك بېسىم) بۇنىڭدا $R_b$ قارشىلىق ئارقىلىق $V_{be}$ نى ئاشۇرغاندا، $I_b$ مۇ ئاشىدۇ. بۇ خۇددى ئىككى قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ ئۆك يونۇلۇشلۇك خۇسۇسىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ھالدا $I_b = I_e$ بولىدۇ ($I_e$ بولسا تارقاتقۇچى قۇتۇپ توكى).

ئەمدى لامپىنىڭ يىققۇچى قۇتۇبى "C" گە ئۇلىغۇچ K نى قوشۇپ، ئۇنىڭغا +12V لىق توك مەنبەئەسىنى ئۇلاپ، ئاندىن بۇ توك يولىنى كۆزەتكىنىمىزدە ئامپېرمېتىردىن ئەھۋالنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدىغانلىقىنى، يەنى يىققۇچى قۇتۇپ توكى ناھايىتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى (بۇنىڭدىكى $I_c \approx I_e$ بولىدۇ) ھەمدە $I_b$ نىڭ ناھايىتى كىچىك بولىدىغانلىقىنى كورىمىز. ئەگەر $I_b$ بىر ئاز ئاشۇرۇلسا ($I_t$ نى ئاشۇرۇپ $I_b = \mu 60A$ غا كەلتۈرگەندە $I_e = 6MA$ بولىدۇ) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ $I_e$ نىڭ ئېشىشى ناھايىتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى ($I_e$ نىڭ ئېشىشى)



$I_b$ دىن 100 ھەسسە ئارتۇق) كۆرسىمىز. تەجرىبىدە كۆرۈلگەن بۇ ھادىسە ئادەتتە ئۈچ قۇتۇپلۇق كرىستال لامپىنىڭ كۈچەيتىش ئىقتىدارى دېيىلىدۇ. ئىككى قۇتۇپلۇق كرىستال لامپىنىڭ توكنى كۈچەيتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. بۇ ھال پەقەتلا ئۈچ قۇتۇپلۇق كرىستال لامپىدا بولىدۇ.

ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىدا توكنى (سىگنالنى) كۈچەيتىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب نېمە؟

تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن سخېمىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىكى توك توشۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى، p – n تۈگۈنىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ ئالاھىدە تۈزۈلۈشى ۋە ھۈنەر سەنئىتى بىرلىكتە نەزەرگە ئېلىنىپ، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىدىكى توك توشۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىدۇ. 2 - رەسىمدە npn تىپلىق لامپا مىسال قىلىنغان.


1. تارقاتقۇچى رايوننىڭ ئاساسىي رايونغا ئېلېكترون چىقىرىش جەريانى.

2 - رەسىمدىكى توك يولىدا، تارقاتقۇچى تۈگۈن ئوڭ يۆنىلىشلىك ئاغما بېسىم ھالىتىدە تۇرغانلىقتىن، p – n تۈگۈنىنىڭ ئوڭ يۆنىلىشلىك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى سەۋەبىدىن ئوڭ يۆنىلىشلىك بېسىم $V_{be}$ ئاشقاندا تارقاتقۇچى تۈگۈندىن ئۆتىدىغان ئوڭ يۆنىلىشلىك توك $I_e$ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆرۈنەرلىك ھالدا ئارتىدۇ. دەرۋەقە، $I_e$ تارقاتقۇچى رايوندىن ئاساسىي رايونغا دىففۇزىيىلەنگەن ئېلېكترون توكى بىلەن ئاساسىي رايوندىن تارقاتقۇچى رايونغا دىففۇزىيىلەنگەن كاۋاكچىلار توكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. ئاساسىي رايوننىڭ كاۋاكچىلار زىچلىغى تارقاتقۇچى رايوندىكى ئېلېكترونلار زىچلىقىدىن تۆۋەن قىلىنىپ ياسىلىدۇ. نەتىجىدە تارقاتقۇچى رايوندىن ئاساسىي رايونغا كىرگەن ئېلېكترون توكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئالىدۇ. ئاساسىي رايوندىن تارقاتقۇچى رايونغا كىرگەن كاۋاكچىلار توكى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان دەرىجىدە كىچىك بولىدۇ. شۇڭا npn تىپلىق ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىدا، تارقاتقۇچى قۇتۇپنىڭ ئوڭ يۆنىلىشلىك توكى $I_e$ ئاساسەن تارقاتقۇچى رايوندىن ئاساسىي رايونغا كىرگەن ئېلېكترون توكىدۇر.

2. ئېلېكترونىنىڭ ئاساسىي رايوندىكى دىففۇزىيە ۋە بىرىكىش جەريانى

ئېلېكترونلار ئاساسىي رايونغا كىرگەندىن كېيىن، ئاساسىي رايوننىڭ تارقاتقۇچى رايونى يېنىغا يىغىلىدۇ. روشەنكى، تارقاتقۇچى تۈگۈن يېنىدىكى ئېلېكترونلار ناھايىتى كۆپ. يىغقۇچى تۈگۈن يېنىدىكى ئېلېكترونلار ناھايىتى ئاز بولغان. ئېلېكترونلار زىچلىق پەرقى ھاسىل بولغانلىقتىن ئېلېكترونلار يىغقۇچى تۈگۈنگە دىففۇزىيىلىنىدۇ. يىغقۇچى تۈگۈندىن ئۆتكەندىن كېيىن يىغقۇچى قۇتۇپ توكى $I_e$ نى تۈزىدۇ؛ بۇنىڭدىن تاشقىرى ئېلېكترونلار ئاساسىي رايونغا دىففۇزىيىلىنىش جەريانىدا ئاساسىي رايوندىكى كاۋاكچىلار بىلەن ئۆزئارا ئۇچرىشىپ بىرىكىدۇ، لېكىن ئاساسىي رايونى ناھايىتى نېپىز ياسالغانلىقتىن ئېلېكترونلارنىڭ كاۋاكچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىرىكىش پۇرسىتى ئاز بولىدۇ، يەنە ئاساس رايونغا كىرگۈزۈلگەن ئارىلاشما ماددا ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن كاۋاكچىلار زىچلىغى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، ئېلېكترونىنىڭ كاۋاكچىلار بىلەن بىرىكىش پۇرسىتى تېخىمۇ كەمرەك بولىدۇ. شۇڭلاشقا تارقاتقۇچى رايوندىن ئاساسىي رايونغا كىرگەن ئېلېكترونلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يىغقۇچى تۈگۈنگە دىففۇزىيىلىنىپ يىغقۇچى رايونغا كىرىپ، $I_e$ توكىنى تۈزىدۇ. پەقەت ئازراق بىر قىسمى كاۋاكچىلار بىلەن بىرىكىپ يوقىلىپ كېتىدۇ. ئېلېكترون

يوقىلىش بىلەن كاۋاكچىلارمۇ يوقىلىدۇ. شۇڭا ئاساس قۇتۇپ توك مەنبەئە $E_b$ ئارقىلىق يوقالغان كاۋاكچىلارنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە ئاساسىي قۇتۇپ توكى $I_b$ شەكىللىنىدۇ. ئاساس قۇتۇپ توكى $I_b$ ئەمەلىيەتتە، بىر قىسىم ئېلېكترونلارنىڭ كاۋاكچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىرىكىپ يوقىلىش جەريانىدا ھاسىل بولىدۇ. ئاساس رايونىدىكى ئېلېكترونلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىرىكمەيدىغان كاۋاكچىلار سانى ئانچە كوپ بولمىغانلىقتىن $I_b$نىڭ قىممىتى ئانچە چوڭ بولمايدۇ.




ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىدا ئېلېكترونلارنىڭ دىففوزىيىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ كاۋاكچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىرىكىشى بۇ بىر مۇھىم ئالاھىدە ھادىسە بولۇپ، بۇ لامپىنىڭ توكى (سىگنالنى) كۈچەيتىشنى بەلگىلەيدۇ. تارقاتقۇچى رايوندىن ئاساسىي رايونغا كىرگەن ئېلېكترونلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى يىغقۇچى تۇگۈنگە دىففوزىيىلىنىپ يىغقۇچى رايونغا كىرىپ يىغقۇچى قۇتۇپ توكى $I_e$نى تۈزىدۇ، ھەمدە ئېلېكترونلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ئاساس رايوندا كاۋاكچىلار بىلەن بىرىكىپ ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن $I_b$ توكى ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىنىڭ نىسبىتى $\left(\frac{I_e}{I_b}\right)$ناھايىتى چوڭ بولىدۇ؛ ئادەتتە بۇ نىسبەتنى لامپىنىڭ توكنى كۈچەيتىش ئىقتىدارى دەيمىز. بۇ نىسبەتنى $\beta$ $\left(\beta = \frac{I_e}{I_b}\right)$ بىلەن بەلگىلەپ ئۇنى ئادەتتە توكنى كۈچەيتىش كوئېففىتسېنتى دەيمىز.

3 . ئېلېكترونلارنىڭ يىغقۇچى تۇگۈندە يىغىلىش جەريانى

يىغقۇچى تۇگۈندىكى ئەھۋال تارقاتقۇچى تۇگۈندىكىسىنىڭ دەل ئەكسى، يىغقۇچى تۇگۈندە قىممىتى چوڭ بولغان تەتۈر ئاغما بېسىم بېرىلگەنلىكتىن، يىغقۇچى رايوندىن ئاساسىي رايونغا يۈزلەنگەن چوڭراق ئېلېكتر مەيدانى پەيدا بولىدۇ. $p-n$ تۇگۈننىڭ تەتۈر يونۇلۇشلۇك خۇسۇسىيىتى بويىچە، بۇ ئېلېكتر مەيدان يىغقۇچى رايوندىكى ئېلېكترونلارنىڭ ئاساسىي رايونغا دىففوزىيىلىنىشىغا ھەمدە ئاساسىي رايوندىكى كاۋاكچىلارنىڭ يىغقۇچى رايونغا دىففوزىيىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، لېكىن ئۇ ئېلېكتر مەيدان ئاساسىي رايوندىن يىغقۇچى تۇگۈن قىرغىقىغا دىففوزىيىلىنىپ بارغان ئېلېكترونلارنى يىغقۇچى تۇگۈندىن يىغقۇچى رايونغا تارتىپ ئۇنىڭدىن يىغقۇچى قۇتۇپىدا يىغقۇچى قۇتۇپ توك $I_c$ شەكىللىنىدۇ. ئومۇمەن، يۇقۇرىدىكى جەرياندا: ئېلېكترونلار 2 ـ رەسىمدە كورسىتىلگەن يونۇلۇش بويىچە ھەركەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كوپ قىسمى ئاساسىي رايوندىن ئۆتۈپ يىغقۇچى قۇتۇپقا دىففوزىيىلىنىپ $I_e$ نى تۈزىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ئاساسىي رايوندىكى كاۋاكچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ $I_b$ توكىنى تۈزىدۇ. شۇڭا تارقاتقۇچى قۇتۇپ توكى $I_c$ نى مۇنداق يېزىشقا بولىدۇ: $I_e = I_b + I_e$. دەرۋەقە، بۇ مۇناسىۋەت كىرخخوپ قانۇنىنى قانائەتلەندۈرىدۇ.

ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىنىڭ توكنى كۈچەيتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى: ئېلېكترونلارنىڭ ئاساسىي رايوندىكى دىففوزىيە ھەركىتى ۋە كاۋاكچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىرىكىشى بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. دىففوزىيىلىنىش كاۋاكچە بىلەن ئۇچرىشىپ بىرىكىشتىن ناھايىتى چوڭ، شۇنداقلا ئۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى ئۈچۈن بۇ لامپا توك سىگنالىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىككى قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ توكنى كۈچەيتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا، ئېلېكترونلارنىڭ كاۋاكچە بىلەن ئۇچرىشىپ بىرىكىشىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ھادىسە يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا توكنى كۈچەيتىش ئىقتىدارى پەقەتلا ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىدا بولۇپ، باشقا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ چېچەنلەردە بولمايدۇ. توكنى كۈچەيتىش كويفىتسېنتىنى β بىلەن ئىپادىلىسەك ئۇ $\beta = \frac{I_c}{I_b}$ بولىدۇ. β ئادەتتە لامپا ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ مۇقىم بولىدۇ. شۇڭا $I_b$ نى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق $I_c$ نى كونترول قىلىپ كۈچەيتكۈچكە كېرەك بولغان خالىغان $I_c$ گە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاجىز ئاۋاز سىگنالىنى $I_b$ گە قوشقاندا $I_b$ بىر ئاز ئارتىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ $I_c$ مۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. $I_c$ چوڭايغانلىقتىن كانايدىكى ئاۋاز چوڭ بولىدۇ. يىغقۇچى قۇتۇپ توكى $I_e$ نى يۇقۇرىقى فورمۇلىدىن $I_e = \beta I_b$ قىلىپ ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ، لامپىنىڭ توكنى كۈچەيتىش كويفىتسېنتى ئادەتتە 100 — 20 ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگەر $I_b$ نى بىر ئاز ئاشۇرغاندا $I_c$ كۆپ مىقداردا ئاشىدۇ. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا توكنى كۈچەيتىش كويفىتسېنتى β نى $\beta = \frac{\triangle I_e}{\triangle I_b}$ دەپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

توك بېسىمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەگەر ئاساسىي قۇتۇپ بىلەن تارقاتقۇچى قۇتۇپ ئارىسىغا قوشقان ئوڭ يۆنىلىشلىك توك بېسىمى $V_{bc}$ نى بىر ئاز ئۆزگەرتكەندە ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغان $I_b$ نىڭ ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدۇ. $I_b$ نىڭ ئۆزگىرىشى تېخىمۇ چوڭ بولغان $I_e$ نىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئۆزگەرگەن $I_e$ توكى 2 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەن $R_e$ قارشىلىقىدىن ئۆتكەندە $R_c$ نىڭ ئۈستىدە توك بېسىم چۈشۈشى بولىدۇ، بۇ بېسىمنىڭ ئۆزگىرىشى $\triangle U_c$ ، $V_{bc}$ نىڭ ئۆزگىرىشى $\triangle U_{be}$ دىن بىرقانچە 10 ھەسسە كۆپ بولىدۇ. مانا مۇشۇنى بىز ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ توك بېسىمىنى كۈچەيتىش ئىقتىدارى دەيمىز. $R_c$ قارشىلىق ئۈستىگە چۈشكەن توك بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئوم قانۇنى بويىچە $\triangle V_c = R_c \cdot \triangle I_e$ بولىدۇ. ئەگەر لامپىنىڭ توك بېسىمىنى كۈچەيتىش كويفىتسېنتى K بىلەن بەلگىلىگەندە ئۇ $K = \frac{\triangle V_c}{\triangle V_{uc}} = \frac{R_c \times \triangle I_e}{\triangle V_{be}}$ بولىدۇ. ($R_c$ نىڭ قىممىتى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تاللىنىدۇ.) لامپىنىڭ كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن لامپىنىڭ ئاساسىي قۇتۇپ b ۋە تارقاتقۇچى قۇتۇپ e ئارىسىدىكى p − n تۈگۈنى چوقۇم ئوڭ يۆنىلىشلىك ئاغما بېسىمدا بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا تارقاتقۇچى رايوندىكى توك يۆتكىگۈچىلەر (ئېلېكترونلار) دىففۇزىيىلىشىپ ئاساسىي رايونغا بارالايدۇ، ھەممە ئاساسىي قۇتۇپ b بىلەن يىغقۇچى قۇتۇپ C ئوتتۇرىسىدىكى p − n تۈگۈنى چوقۇم چوڭراق تەتۈر يۆنىلىشلىك ئاغما بېسىمدا بولۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا p − n تۈگۈندىكى ئىچكى ئېلېكتر مەيدان كۈچىيىپ ئۇ ئاساسىي رايوندىن دىففۇزىيىلىشىپ كەلگەن ئېلېكترونلارنى ناھايىتى تېزلا تارتىپ يىغقۇچى قۇتۇپىدا $I_b$ دىن بىرنەچچە 10 ھەسسە چوڭ بولغان $I_c$ توكىنى ھاسىل قىلىدۇ. روشەنكى ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا پەقەت يۇقۇرىقىدەك ئۇلانغاندىلا ئاندىن توكنى (سىگنالنى كۈچەيتىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ).

# ھايۋانلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە فۇنكسىيىسى

ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنى ئېلىپ ئېيتقاندا، بېلىقلاردىن تارتىپ قۇش ماكانلىقلار، يەر بېغىرلىغۇچىلار ۋە سۈت ئەمگۈچىلەر قاتارلىق ھەر تۈردىكى ھايۋانلارنىڭ ئەزا سىستېمىلىرى، مەسىلەن، نەپەسلىنىش، ئايلىنىش، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىپ چىقىرىش، كۆپىيىش، ئىسكىلىت، مۇسكۇل، نېرۋا قاتارلىق سىستېمىلىرى ئۆزئارا باغلانغان ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. تۆۋەندە ھايۋانلارنىڭ 8 سىستېمىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## 1. ئىسكىلىت سىستېمىسى

ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردىن ناھايىتى نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىسكىلىتى (سۆڭىكى) يوق. بوغۇم ئاياقلىقلارنىڭ قاتتىق خىتىن (قاسىراقسىمان ماددا) ياكى كۈتىن (موڭگۇزسىمان ماددا) دىن ئىبارەت سىرتقى ئىسكىلىتى بولسىمۇ، بەدىنىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆسمەيدۇ. بەلكى بەدىنى چوڭايغاندا قاسىراقلىشىپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئىسكىلىتى ئىچكى ئىسكىلىتلار بولۇپ، ئادەتتە، باش ئىسكىلىتى، ئومۇرتقا ۋە پۇتلىرىنىڭ ئىسكىلىتلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ئىسكىلىت سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى: مۇسكۇللار يېپىشىپ، بەدىنىنى ھەركەتلەندۈرۈشنى تەمىن ئېتىدۇ. بەدىنىنى تىرەپ، مۇئەييەن بەدەن قىياپىتىنى ساقلايدۇ ھەمدە ئورگانىزمدىكى يۇمران ئەزالىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئىلىكىدىكى قان ئىشلىگۈچى توقۇلمىلار بولسا قان ئىشلىگۈچى ھۈجەيرىلەر ئىشلىنىدىغان ئورۇندۇر.

## 2. مۇسكۇل سىستېمىسى

يايپىلاق تەنلىكلەردىن باشلاپلا ھەقىقىي مۇسكۇل ھۈجەيرىسى بولىدۇ، مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ مۇسكۇللىرى سىلىق مۇسكۇللار بولۇپ، كۆندىلەڭ يوللۇق مۇسكۇللار بوغۇم ئاياقلىقلارغا كەلگەندىلا كۆرۈلىدۇ. ھايۋانلارنىڭ مۇسكۇل سىستېمىسى باش مۇسكۇللىرى، گەۋدە مۇسكۇللىرى ۋە پۇت مۇسكۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسكىلىت مۇسكۇللىرىدۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىچكى ئەزا مۇسكۇللىرى (سىلىق مۇسكۇل، يۈرەك مۇسكۇلى)، تېرە مۇسكۇللىرى (تېرە مۇسكۇللىرى بولسا يەر بېغىرلىغۇچىلارغىلا كەلگەندە تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ) قاتارلىقلار بار.

ھايۋانلار ئورگانىزمىدىكى ھەر خىل ئىچكى ئەزالارنىڭ پائالىيىتى. گەۋدىسىنىڭ ھەركەتلىنىشى ھەمدە بەدەن قىياپىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى — مۇسكۇللىرىنىڭ تارايغانلىقى ھەمدە بوشاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇندىن باشقا، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ساقلىنىشىدىمۇ مۇئەييەن رول ئوينايدۇ.

## 3. ھەزىم قىلىش سىستېمىسى

بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار يۇتۇش ئارقىلىق ھۈجەيرە ئىچىدە ھەزىم قىلىدۇ. ھۈجەيرىسى سىرتىدا ھەزىم قىلىش كاۋاك ئىچەكلىكلەردىن باشلىنىدۇ، ئۇلار ھەزىم قىلىش ئېنزىملىرىنى ئاجرىتىپ چىقىرىش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇقلارنى ئۈچەي بوشلۇقىدا ھەزىم قىلىپ

قوبۇل قىلىدۇ. ھالقىسمان ھايۋانلاردىن باشلاپ، ئۈچەي دىۋارلىرىنىڭ لومشۇش فۇنكسىيىسى بولىدۇ. بوغۇم ئاياقلىقلارغا كەلگەندە، ھەزىم قىلىش نەيچىسىنىڭ سىرتىدا ھەزىم قىلىش بەزلىرى پەيدا بولغان. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ھەزىم قىلىش نەيچىسى بىلەن ھەزىم قىلىش بەزلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەزىم قىلىش نەيچىسىنى ئېغىز بوشلۇغى، يۇتقۇلۇق، قىزىل ئۆڭگەچ، ئاشقازان، ئۈچەي، مەقەت قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇقلىرى ئوخشاشمىغاچقا، ھەزىم قىلىش يوللىرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە تۈز - ئەگرىلىكىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ھەزىم قىلىش بەزلىرىدىن ئاشقازان بەزلىرى ۋە ئۈچەي بەزلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، يەنە شۆلگەي بەزلىرى، جىگەر ۋە ئاشقازان ئاستى بەزلىرى قاتارلىق ھەزىم قىلىش نەيچىسى سىرتىدىكى ھەزىم قىلىش بەزلىرىمۇ بولىدۇ، ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىش، ھەزىم قىلىش (جۈملىدىن مېخانىك ھەزىم قىلىش ۋە خىمىيىۋى ھەزىم قىلىش) ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەزىم قىلىشقا بولمايدىغان كېرەكسىز ماددىلارنى بەدەندىن سىرتقا چىقىرىۋېتىشتىن ئىبارەت.

## 4. نەپەسلىنىش سىستېمىسى

تۆۋەن دەرىجىلىك ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار بەدىنىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى ھۈجەيرىلىرى ئارقىلىق سىرتقى مۇھىت بىلەن بىۋاستە گاز ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەخسۇس نەپەسلىنىش ئەزاسى يوق. نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار نەپەسلىنىش ئەزاسى ئارقىلىق گاز ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىش ئەزاسى ھەزىم قىلىش نەيچىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن بولۇنۇپ چىققان. سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ژابراسى ۋە قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنىڭ ئۆپكىسى شەكىللەنگەن.

نەپەسلىنىش سىستېمىسىنىڭ رولى سىرتقى مۇھىتتىن نەپەسلىنىپ (يەنى ئورگانىزىم بىلەن سىرتقى مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى گاز ئالماشىش)، ھەرخىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئوكسىدلىنىش جەريانىدا ھاياتلىق پائالىيەتلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيىنى ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

## 5. ئايلىنىش سىستېمىسى

ھالقا تەنلىكلەردىن باشلاپ قان پەيدا بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ قان ئايلىنىشى يېپىق تىپتىكى ئايلىنىشتۇر. بوغۇم ئاياقلىقلارنىڭ قان ئايلىنىشى ئوچۇق تىپتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قان تومۇرلىرى مۇكەممەل ئەمەس. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئايلىنىش سىستېمىسى قان ئايلىنىش ۋە لىمفا ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ. قان ئايلىنىش يېپىق تىپتا بولۇپ، قان، قان تومۇرلار (ئارتېرىيىلەر، قىلدام تومۇرلار، ۋېنالار) ۋە يۈرەكتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن.

ئايلىنىش سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى: ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى توشۇپ، ئورگانىزىمنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ مېتابولىزىم ئېھتىياجىنى تەمىنلەش، شۇنىڭدەك مېتابولىزىمدا پەيدا بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى بەدەندىن سىرتقا چىقىرىۋېتىش، ئەينى ۋاقىتتا، ئىچكى سېكرېتسىيە پەيدا قىلغان ھورمۇنلارنى بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا توشۇش.

## 6. ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى

يايپلاق تەنلىكلەردىن باشلاپ، بەدىنىنىڭ

ئىچىدە ئاجرىتىپ چىقىرىش ئەزاسى — دەسلەپكى بۆرەك نەيچىسى كۆرۈلىدۇ. ھالقا تەنلىكلەرگە كەلگەندىلا بوغۇملۇق جايلاشقان ئارقا بۆرەك نەيچىسى بولىدۇ. بوغۇم ئاياقلىقلار قۇرۇقلۇقتا ياشاشقا ماسلاشقان بولۇپ، ئاجرىتىپ چىقىرىش ئەزاسى مالپىگىئان نەيچىسىدۇر. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى، ئاساسەن، بۆرەك بىلەن ئۇنىڭ چىقىرىش يولى (جۈملىدىن سۈيدۈك چىقىرىش نەيچىسى، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولى) دىن تەركىب تاپقان.

ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى: ئاساسەن، مېتابولىزىم جەريانىدا ھاسىل بولغان ئارتۇقچە ۋە زىيانلىق ماددىلارنى بەدەندىن چىقىرىپ تاشلاشتۇر. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ھاسىل قىلىدىغان مېتابولىزىم كېرەكسىز ماددىلارنىڭ بىر قىسمى تېرە ۋە ئۆپكىسى ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلانغاندىن تاشقىرى، ئاساسەن قان ئايلىنىشقا ئەگىشىپ بۆرەككە يەتكۈزۈلۈپ، سۈيدۈكنى ھاسىل قىلىدۇ - دە، سۈيدۈك نەيچىسى ئارقىلىق بەدەندىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۆرەكمۇ ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى سۇنى تەڭشەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئەزادۇر.

## 7. كۆپىيىش سىستېمىسى

كاۋاك ئىچلىك ھايۋانلاردىن باشلاپ ئىككى خىل جىنىس بولىدۇ. ياپىلاق تەنلىكلەردىن باشلاپ، جىنىس ئەزا تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ، بۇلارنىڭ ئۇرۇقدان ۋە تۇخۇمدىنى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە جىنسى نەيچىسى بولىدۇ. ياپىلاق تەنلىكلەر بىلەن ھالقا تەنلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى قوش جىنىسلىق بولۇپ، بوغۇم ئاياقلىقلار يۇقۇرىسىدىكى ھايۋانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئايرىم جىنىسلىق بولىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم جىنىستىلىقتۇر. ئۇرۇق ياكى تۇخۇم ھاسىل قىلىدىغان ئەزا (ئۇرۇقدان ۋە تۇخۇمدان)نىڭ ھورمون ئاجرىتىش فۇنكسىيىسىمۇ بولغاچقا، ئۇلار جىنسى بەز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆپىيىش سىستېمىسى جىنسى بەز، جىنسى نەيچە ۋە قوشۇمچە تۈزۈلۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى: كەلگۈسى ئەۋلادنى پەيدا قىلىپ يېتىلدۈرۈش ھەمدە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھايۋانلار دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز تەدرىجى تەرەققى قىلىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش.

## 8. نېرۋا سىستېمىسى

بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى يوق. كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلاردا تەسىرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش ئارىلىقىدا، خەۋەرنى يەتكۈزىدىغان نېرۋا سىستېمىسى بولۇشى شەرت. نېرۋا سىستېمىسى سەزگۈ نېرۋونلىرى، ئالاقىچە نېرۋونلىرى، ھەرىكەت نېرۋونلىرى، شۇنىڭدەك كېرەكلىك ۋە ئۆزۈلۈكلۈق رولىنى ئوينايدىغان نېرۋا يىلىمسىمان ماددا ھۈجەيرىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى بىلەن ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. مېڭە بىلەن يۇلۇن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تۈزىدۇ. ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىدىكى ئىسكىلىت مۇسكۇللىرىغا تارقالغانلىرى گەۋدە نېرۋا سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ، سىلىق مۇسكۇللار، يۈرەك مۇسكۇلى ۋە بەزلەرگە تارقالغانلىرى ۋېگېتاتىپ نېرۋا سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

نېرۋا سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى: بىرىنچىدىن، ھايۋان ئورگانىزمىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ھايۋان ئورگانىزمىنىڭ پۈتۈنلىكىنى ساقلاپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھايۋان ئورگانىزمىنىڭ مۇھىت ئامىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ھايۋان ئورگانىزمىنى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، تېخىمۇ ياخشى ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

# تەنتەربيە ئوقۇتۇشدا نىملەرگە دىققەت قىلش كىرەك

سىراجىدىن توختى

(يەكەن ناھىيلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ھەر بىر سائەتلىك تەنتەربىيە دەرسىنى چوقۇم ياخشى ۋە بىخەتەر ئۆتۈپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا كوڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىش ۋە دىققەت قىلىش زورۇر:

1. ئوقۇتقۇچىنىڭ روھىي ھالىتى گۈزەل بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ دەرسكە كىرىشتىكى روھىي - ھالىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، روھلۇق ۋە جۇشقۇن، تەلەپچان ۋە مەسئۇلىيەتچان، كىيىم - كېچەكلىرى رەتلىك ھالدا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن دەرسكە كىرىشى، ھەرگىز روھسىز، سۇلغۇن، خاپا، چېچىلغان، غەزەپلەنگەن، چاچلىرى پاخپايغان، كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز ھالدا دەرس ئۆتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىدىن ئۆگىنىدۇ، دوراپچىلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈشتىكى قىياپىتى ۋە روھىي ھالىتى ئۇلاردا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. ئۇ، دەرسنىڭ قانداق ئۆتۈلۈشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

2. مەيدان ۋە سايمانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى گۈزەل بولۇشى كېرەك. يەنى دەرس ئۆتۈشتە، مەيداننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۆركەم، پاكىز، سىزىقلار ئوچۇق، سايمانلار مۇۋاپىق، شەكلى يېڭىچە بولۇشى، دەرسنىڭ مەقسەت - تەلىپىگە ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلاردا جانلىق، تېتىك، روھلۇق كەيپىيات يارىتىشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم.

3. ھەرىكەت ئۈلگىسىنى كۆرسىتىشتە گۈزەل بولۇش كېرەك. يەنى ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى جانلىق، تەسىرلىك، تەرتىپلىك، رېتىملىق، سىلىق، ئاممىباپ بايان قىلىش، ھەرىكەت ئۈلگىسىنى توغرا، تەبىئىي، جانلىق كۆرسىتىش، ئىمكانىيەت يار بەرسە ئوڭ ۋە سول تەرەپ بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، مۇرەككەپ ھەرىكەت ئۈلگىسىنى تەكرار ۋە بولۇپ كۆرسىتىش لازىم.

4. ئوقۇتۇش چارە - تەدبىرلىرى گۈزەل، كۆپ خىل، دېلىللىق، ئىلمىي ۋە قىزىقارلىق بولۇشى، دەرسكە ئالاقىدار يېڭى خەۋەرلەر، ياخشى نەتىجىلەر، داھىلار ۋە مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى، ئىلغار تەنتەربىيىچىلەر دائىم تونۇشتۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنتەربىيە دەرسىگە بولغان قىزغىنلىقى ئاشۇرۇلۇشى، دەرستىكى فىزىكىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق باغلىنىشلار ئېنىق چۈشەندۈرۈلۈشى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە چېنىقىش تەربىيىسى بېرىلىپ، خۇراپاتلىق، فېئوداللىق ئىدىيىلەرنىڭ توسالغۇ پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىشى كېرەك. شۇنداقلا بىخەتەرلىك تەربىيىسى دائىم ئېلىپ بېرىلىشى، دەرستىن بۇرۇن مەيدان - سايمانلار تەكشۈرۈلۈشى، قوم ئازگاللىرىنى رەتلەش، يۈمشىتىش ئىشلىرى ئادەتكە ئايلاندۇرۇلۇشى، تەش-

كىللەشكەئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلىپ، ياردەم - مۇھاپىزەت ئىشلىرى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. قاتتىق ۋە ئىگىز پاشنىلىق ئاياقلارنى كىيىپ دەرسكە قاتنىشىش چەكلىنىشى كېرەك.

5. دەرستە ئوقۇغۇچىلارنى رەتكە تىزغاندا، مۇۋاپىق ئورۇن تاللاش، ئوقۇتقۇچى ئۆزى سايىدا تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ قويماسلىق، شۇنىڭدەك ئۇلارنى شامال ۋە يامغۇر يونىلىشىگە، كۆڭۈل ۋە دىققەتنى بۆلىۋېتىدىغان نەرسىلەرگە قارىتىپ قويماسلىق، بوي ئىگىزلىكى، رەتنىڭ ئالدى - كەينى ۋە يان تەرەپلىرى تەكشى بولۇش، كوماندا بەرگەندە ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىجرا قىلىش لازىم.

6. دەرستىن بۇرۇن كېسەللەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ فىزىئولوگىك ئالاھىدىلىكىگە ئېتىۋار بېرىپ، ئۇلارنى ھېيز مەزگىللىرىدە تېز يۈگرەش، سەكرەش، قوساق ھەرىكىتى، پۇت كېرىش ھەرىكەتلىرى ۋە سىجىللىقى كۈچلۈك ھەرىكەتلەرگە قاتناشتۇرماسلىق كېرەك. دەرس ئوتۇش جەريانىدا ياش ۋە جىنسى ئالاھىدىكلەرگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىش ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، دەرسنىڭ ئۆزلىشىش ئەھۋالى ۋە سالامەتلىك جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە دائىم دىققەت قىلىپ كۆزىتىش، تومۇر تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. ئادەتتە، يېشى كىچىكلەرنىڭ تومۇرى يېشى چوڭلارنىڭكىدىن تېزراق سوقىدۇ. بىزنىڭ ئوقۇتۇش ئوبىكتىلىرىمىزنىڭ ھەر مىنۇتتىكى تومۇر سوقۇشى 65 تىن 85 كىچە بولىدۇ. مۇمكىن بولسا، ھەر بىر سىنىپقا سالامەتلىك كارتوچكىسى تۇرغۇزۇش، ئۇلاردىن سالامەتلىكى ئالاھىدە ياخشى، ئادەتتىكىچە ۋە ناچارلارنى ئىگەللەپ مېڭىش، دەرسنىڭ ھەر بىر قىسمىدىكى ۋە بەدەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تومۇر سوقۇشى، يۈرەك ھەرىكىتى ۋە باشقا بەدەن ئۆزگىرىشلىرىنى خاتىرىلەپ تەتقىق

قىلىش، شۇنىڭغا ئاساسەن دەرس پىلانى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرىكەت مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. ھەرىكەت مىقدارى كۆپرەك، سىجىللىقى يۇقۇرىراق ھەرىكەتلەردىن كېيىن، چوقۇم بەدەن بوشىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەش لازىم.

7. نەزىرىيە دەرسكە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىپ ياخشى ئوتۇش، مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان تۈرلەردىن دەرس ئوتۇشتە مۇسابىقە قائىدىسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، دەرستىن سىرتقى ئويۇن كورسىتىش مۇسابىقىلىرىنى ياخشى تەشكىللەش، سىناق ئېلىشتا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلماسلىق، سىناش ۋاقتى ۋە ئۆلچەملىرىنى ئالدىن ئېلان قىلىپ، ئىدىيىدە تەييار تۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم.

8. تەنتەربىيە دەرسنى مەكتەپنىڭ تۈرلۈك سىياسى ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مۇھىت تازىلىقى ۋە شەخس تازىلىقىنىڭ تەشەببۇسكار تەشۋىقاتچىلىرىدىن بولۇش كېرەك.

9. دەرس مەزمۇنىغا ئالاقىدار بەزى ئاساسىي مەشقلەر ۋە كۈچ مەشقلىرىنى ئەڭ ياخشىسى دەرستىن سىرتقى تاپشۇرۇققا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئۇنىڭ قېتىم سانىنى يىللىقلارنىڭ ئەھۋالى، ياش ۋە جىنسى ئايرىمىسى، ئارىلىق ۋاقىت قاتارلىقلارغا ئاساسەن پەرقلىق بەلگىلەش، تۇرغۇن بولماسلىق كېرەك.

10. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيە، تازىلىق ساۋادى، تېز قۇتقۇزۇش بىلىمى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئازراق ئۆگىنىۋېلىشى ناھايىتى مۇھىم.

بۇ مېنىڭ 10 نەچچە يىللىق تەنتەربىيە ئوقۇتۇش ئەمىلىيىتىمگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان بەزى قاراشلىرىم. كەسپداشلىرىمنىڭ بۇنىڭدىن تەنقىدى پايدىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# مائارىپ گۈلزارىدىكى سادىق قەلب

— پىشقەدەم مائارىپچى ئابلىمىت ئېلى توغرىسىدا

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى

(قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

6 - نوۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئېچىلىۋاتقان كۈنلەردە، قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى بىر پارچە مىننەتدارلىق خېتى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ نەچچە كىشى بىرلەشمە ئىمزا قويغان بۇ خەتتە، مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلىمىت ئېلىنىڭ 40 يىلدىن بۇيان خەلق مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ، قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان ۋە مەدھىيىلەنگەن. خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: "... بىز 50 - يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت تارىخىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە، سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز ئابلىمىت ئېلىنى خۇشاللىق ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئۇنىڭ سەمىمىي ۋە قىزغىن پوزىتسىيىسى، سۆز - ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى، مىجەز - خۇلقىنىڭ ئېسىللىقى، كىچىك پېئىل - كەمتەرلىكى، ئىشتا ئادىل - خالىسلىقى، شەخسىيەتسىز ۋە پرىنسىپاللىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىگىلەشكە ماھىرلىقى، تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقۇرىلىقى بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبى مائارىپ باغچىسىدا بىزگە ئوخشاش ياشلارنى ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە بېغىشلانغان. ئۇنىڭ ئالىجاناپ ئوبرازى بىزنى مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرماقتا."

يولداش ئابلىمىت ئېلىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرەك سۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ خەتنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نەمۇنىلىك ئىش - پائالىيەتلىرى كۆز ئالدىمىزدىن بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ.

50 - يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىڭ چوڭ زالىدا شۇ مەكتەپنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى ئابلىمىت ئېلى جۇغراپىيىدىن ئوچۇق دەرس ئۆتمەكتە ئىدى: "... ۋەتىنىمىزنىڭ بىر سىقىم توپىسىمۇ ئالتۇن بىلەن تەڭ، زىلال سۇلىرى ھەسەل بىلەن تەڭ. ۋەتىنىنى سۆيۈش ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن شەرەپ. ۋەتەنىنى سۆيگەندە، ئۇنى جاندەك قەدىرلىگەندە ئاندىن ئىنتېرناتسـ

سىئونالىزىمچى بولغىلى بولىدۇ. جۇڭگو خەلقى
قىلالمايدىغان ئىش، چىقالمايدىغان داۋان
يوق...» ئوچۇق دەرسنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچى ـ
ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئوقۇتۇش سەنئىتىگە ئىنتا ـ
يىن قايىل بولىدۇ، دەرسنىڭ ئۈلگىلىك ۋە
ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى ھازىرغىچە ئەسلەيدۇ،
شۇنداقلا ياش ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇنىڭدىن ئۆگى ـ
نىش لازىملىقىنى جېكىلەيدۇ.

ئابلىمىت ئېلى ئەسلى ئاتۇش ناھىيىسىدىن
بولۇپ، 1946 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك
دارىلمۇئەللىمىننى تاماملاپ، قەشقەر دارىلمۇئەل ـ
لىمىنىگە ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەنگەن. مەكتەپكە
كەلگەندىن كېيىن، ئۇزى قىزىقىدىغان جۇغراپى ـ
يە دەرسىنى ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەرسلىك
كىتاپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، يولداش ئاب ـ
لىمىت ئېلى غەيرەتكە كېلىپ، ئەتراپلىق ئىز ـ
دىنىپ، «شىنجاڭ جۇغراپىيىسى» ناملىق دەرس ـ
لىك قوللانمىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. دەرسلىكنىڭ
سۈپىتى خېلى يۇقۇرى بولۇپ، قەشقەر دارىل ـ
مۇئەللىمىنىدە ئوتۇلگەن بىردىن ـ بىر جۇغراپىيە
دەرسلىكى بولۇپ قالغان ئىدى.

يولداش ئابلىمىت ئېلى 1956 ـ يىلى
قەشقەر يەرلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەك ـ
تىۋىدە مائارىپ بولۇم باشلىقى بولۇپ خىز ـ
مەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، 4 ئاي ۋاقىت سەرپ
قىلىپ، جاپالىق ئىشلەپ، سىياسى، پەلسەپە،
ئەدىبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە ئاساس بىلىملىرى ـ
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان (ئومۇمى ساۋات خاراك ـ
تىرلىق) بىر مەدىنىيەت دەرسلىكى تۈزۈپ چى ـ
قىدۇ. بۇ دەرسلىك پارتىيە مەكتىۋىگە ئۆگىنىش ـ
كە كەلگەن مىللى رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن
خېلى مۇھىم بىر قوللانما بولۇپ قالىدۇ (بۇ
دەرسلىك ھازىرمۇ مەكتەپ ئارخىۋىدا ساقلىنى ـ
ۋاتىدۇ) يولداش ئابلىمىت ئېلى يەنە تەكلىپ ـ
كە بىنائەن، جەنۇبىي شىنجاڭ سىياسى مەك ـ
تىۋىدە مەدىنىيەت دەرسى ئوتۇپ بېرىشنى
ئۈستىگە ئېلىپ، دەرسنى ھەر جەھەتتىن ياخ ـ
شى ئوتۇپ، بۇ مەكتەپتە تەربىيىلىنىۋاتقان
سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە دىنىي زاتلارنىڭ بىر
قەدەر توغرا كىشلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىك ـ
لىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

يولداش ئابلىمىت ئېلى ئىلمىي مۇدىر ـ
ياكى مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلى ـ
گەن چاغلاردا بولسۇن، ئۇ باشتىن ـ ئاياق
مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيىسىنى مائارىپ قانۇنىيى ـ
تى بويىچە تەشكىللەش، ئوقۇتۇشنى ئاساس
قىلىشتا چىڭ تۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ
سەرپ قىلدى. توغرا تەشەببۇس، ئۈنۈملۈك
تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە قوللىدى.
«مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ توغرا سوزى خۇددى
قانۇن ماددىلىرىغا ئوخشاش كۈچكە ئىگە بو ـ
لۇشى كېرەك، — دەيدۇ يولداش ئابلىمىت
ئېلى، — ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈكسەك ئابرويى
ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈل ـ
گىلىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تىكلىنىدۇ. ئوقۇت ـ
قۇچى — ئوقۇغۇچىنىڭ جانلىق ئۈلگىسى. ئوقۇت ـ
قۇچى ئىسىل ئەخلاقى ۋە ئىجاداكارانە ئەمگىكى
ئارقىلىقلا ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىدە ھورمەت تۇيغۇ ـ
سىنى قوزغىتىدۇ.» ئۇ ئۆزىگە ۋە ئوقۇتقۇچىلار ـ
غا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئۇنىڭ تەلىۋىگە
ئاساسەن، 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە «ئەستايىدىل
دەرس تەييارلاش، ئەستايىدىل دەرس ئوتۇش،
ئەستايىدىل تەكرارلاپ بېرىش، ئەستايىدىل
تاپشۇرۇق بېرىش ۋە تەكشۈرۈش، ئەستايىدىل
سىناق ۋە ئىمتىھان ئېلىش» تىن ئىبارەت
«بەش ئەستايىدىل بولۇش» تۈزۈمى بەلگىلەن ـ
گەن. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى بۇ تۈزۈمنىڭ
تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشتە تۈرت ـ
كىلىك رولى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ھەر قايسى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىز ـ
مەت پائالىيىتىنى چىڭ تۇتۇش ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ـ
قا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم
تەدبىرى. ئۇ «ھەر قايسى ئوقۇتۇش گۇرۇپپى ـ

لىرى تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم بىر ئاساسىي قاتلام" دەپ قارايدۇ. ئۇ ھەمىشە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىغا كىرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تەييارلاش، كەسپىي ئۆگىنىش، دەرس ئوتۇش، دەرس ئاڭلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ تۇرىدۇ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىتاب - ماتېرىياللىرى، كانسېپىك دەپتەرلىرى، تاپشۇرۇق نومۇر خاتىرىلىرىنى كوزدىن كەچۈرىدۇ؛ ياخشىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئارقىدا قالغانلارغا تەربىيە بېرىدۇ؛ بىپەرۋالىق قىلىشقا يول قويمايدۇ. مۇندىن 5 يىل ئىلگىرى 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ - جۇغراپىيە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى يوق ئىدى. يولداش ئابلىمىت ئېلى مەكتەپتىكى تارىخ - جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىگە ئاساسەن، تارىخ - جۇغراپىيە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى ھەمدە بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىغا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. يولداش ئابلىمىت ئېلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار غەيرەتكە كېلىپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان خەرىتە، كولەڭگە چۈشۈرۈش ئاپاراتىنىڭ پلاستىنكىلىرىنى تەييارلاپ چىقتى. ئۇلار تەييارلىغان خەرىتە كورگەزمىسىنى قېرىنداش مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن تاشقىرى، زىيارەتكە كەلگەن چەتئەللىك دوستلارمۇ كوردى ۋە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەينى يىللاردا مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا ئوقۇتقۇچى كەم ئىدى. بۇ چاغدا يولداش ئابلىمىت ئېلى ئومۇمىي دائىرىدىكى خىزمەتلىرىنىڭ كوپ ۋە ئالدىراشلىقىغا قارىماي، خەنزۇ تىلى دەرسى بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، 3 يىلغىچە سىنىپقا كىرىپ دەرس ئوتتى. ئۇ يەنە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن كوڭۈل بولۇپ، ھەر خىل ئىدىيىۋى مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق جاۋاپ ھازىرلاپ، خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللاردىن تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشقا دائىر ماقالىلارنى تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇ «خەلق مائارىپى» ژۇرنىلىدىن تەرجىمە قىلغان «ئەدەبىيات دەرسىنى سىياسەت دەرسى قىلىپ ئوتۇش خاھىشىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارنىڭ ئېسىدە چىڭ ساقلانماقتا.

يولداش ئابلىمىت ئېلى مۇنداق دەيدۇ: "مائارىپ ئىشى — ۋىجدان ئىشى. پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇش، ياش ئەۋلادلارنى بىلىملىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىشى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ۋىجدان ئىشى. ئوقۇتقۇچىدا مۇشۇنداق ۋىجدان بولغاندا، ئۇنىڭغا ھەيدەكچى كەتمەيدۇ. ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەيدۇ." ئۇ بۇ سوزىگە ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەل قىلىپ كەلدى. 1980 - 1981 - ئوقۇش يىللىرىدىكى تولۇق سىنىپلارنىڭ بىرسىدە ئابدۇلئەزىز ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇ تەشكىلىي ئىنتىزام جەھەتتە ناچار ئىدى. لېكىن ئۆگىنىشتە بىر قەدەر ياخشى، زېھنى ئوتكۇر ئىدى. ئۇ ساز چالاتتى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ سىنىپ ئىچىدىكى تەرتىپسىزلىكىدىن ئوقۇتقۇچىلار نارازى ئىدى. بىر قانچە قېتىملىق مەكتەپ ئىشلار كېڭىشىدە ئۇنىڭغا جازا بېرىش، ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان ئىدى. لېكىن يولداش ئابلىمىت ئېلى ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلىشىش، ئائىلە سوھبىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە تەسىر كورسەتتى. ئاخىرى بۇ ئوقۇغۇچى ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىپ، ئىلغارلار قاتارىغا قوشۇلدى.

... باھار كۈلدۈرمامىسى گۈلدۈرلەپ، قارا بۇلۇتلار تارقاپ، قۇياش نۇرى جەۋلان قىلدى. مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان ساداقەت ۋە پاك ۋىجدان تۆھمەت - ھاقارەت ئاستىدا قالغان ۋەھشىي كۈنلەردە "ئاق مۇتەخەسسىس"، "ياشلار-

نى چىرىتكۈچى" دىگەن جىنايى بەدنامىلارنىڭ
خورلىشىغا ئۇچرىغان ئابلىمىت ئېلى كەڭ زى-
يالىلارغا ئوخشاش يېڭىۋاشتىن قەد كۆ-
تەردى. ئۇ:

"باغۋەن دەپ شەرەپلىدى بىزنى قە-
دىرلەپ،

كوكسىمىزگە گۈللەر تاقاپ، كۈلدۈردى
شات"

دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ 3 - ئومۇمى
يىغىندىن كېيىنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە قا-
رىتا خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى.

يولداش ئابلىمىت ئېلى، مىجەز - خۇل-
قى جەھەتتىن جۇشقۇن - روھلۇق بولۇپ،
تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ؛
ناخشا ئېيتىپ، دۇتار چالىدۇ؛ شاخمات ئويناش-
قا قىزىقىدۇ. ئۇ ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇش-
مىسى ۋە تەنتەربىيەكومىتېتى بىرلىشىپ ئۇيۇش-
تۇرغان بىر قانچە قېتىملىق شاخمات مۇسابى-
قىلىرىغا قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن
ۋە مۇكاپاتلانغان.

ئۇ تىلى گۈزەل، سەممى ۋە مۇلايىم
بولۇپ، يېقىملىق مۇئامىلىسى، تەسىرلىك گەپ -
سوزلىرى بىلەن باشقىلارغا ئىلھام بېرىدۇ.
مەدىنىيەتلىك - ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى
جەريانىدا، ئۇ باشلامچى بولۇپ ئەھدىنامە تۈز-
دى؛ كوچىغا چىقىپ، قاتناش تەرتىۋىنى ساق-
لىدى؛ كارىدۇرلارنى يۇيۇپ، دېرىزە ئەينەك-
لىرىنى سۈرتۈپ، ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق
كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە
بولدى.

قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ بۇ
پىشقەدەم مۇدىرىنى ھورمەتلەپ "ئابلىمىت
ئاكا" دەپ ئاتايدۇ. "ئابلىمىت ئاكا" دەپ ئاتى-
غاندا يولداشلارمۇ، ئابلىمىت ئېلىمۇ يېقىملىق
ھىس قىلىشىدۇ. ئابلىمىت ئېلى مەكتەپتىكى
بارلىق ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى ۋە ئىشچىلار-
نى (مەيلى ئۇ يېڭى بولسۇن ياكى كونا بول-
سۇن) بىر خىل كورىدۇ. ھەممىگە تەڭ - با-
راۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا مەكتەپتىكى ھەم-
مەيلەن ئۇنى ئۆز قېرىندىشىدەك، ئۆز سىردى-
شىدەك كورۇپ، كوڭلىدىكى گېپىنى ئېيتىپ
مۇڭدىشالايدۇ. ئۇ ئوچۇق - يورۇق بولۇپ،
يېقىملىق سوزلەر بىلەن يولداشلارنىڭ تارتى-
نىش ۋە تەشۋىشلىرىنى ئازايتىدۇ. قېرىنداشلىق
مۇھەببىتىدىن لەززەتلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. ئوقۇت-
قۇچى مەستۈرە سادىق يىراق بىر ناھىيىدىن
يوتكىلىپ كەلگەن، قەشقەردە ئۇرۇق - تۇق-
قانلىرى يوق ئىدى. ئۇ يېڭى كەلگەنىدە ئان-
چە كونەلمەي، يىتىمسىراش ھىس قىلغان
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ،
دوختۇرنىڭ پىكرى بويىچە دەم ئېلىۋاتقان
ئىدى. ئابلىمىت ئېلى ئۇنىڭدىن ھال سوراپ
بېرىپ، قىزغىن پاراكلاشتى، ئۇنىڭغا غەمخور-
لۇق قىلدى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن مەستۈرە،
دەم ئېلىش مۇددىتى توشماستىنلا، خىزمەتكە
چۈشۈپ كەتتى.

بۇ مەكتەپتە شىمالدىن كەلگەن، ئالى
مەكتەپ پۈتتۈرگەن خېلى كوپ قاۋۇل ئوقۇت-
قۇچىلار بار ئىدى. يولداش ئابلىمىت ئېلى
ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق
قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەملەندۈرۈپ،
مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى ئۈچۈن
تېخىمۇ زور توھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.
ئۇ "باشقا جايلاردىن كەلگەنلەر بىز ئۈچۈن
مېھمان، بىز ئۇلارنى قىزغىن قوللىشىمىز،
ئۇلارنى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇ-
شىمىز لازىم" دەيدۇ ۋە داۋاملىق شۇنداق قىلىدۇ.

ئىتتىپاقلىق — كۈچ، ئىتتىپاقلىق — غەلى-
بە، ئىتتىپاقلىق — خۇشاللىقتۇر. يولداش ئاب-
لىمىت ئېلى ئىتتىپاقلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت
بېرىپ، ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋاللىرى تۇغۇلۇشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ، پۇختا تەييارلىق
قىلىپ، پات - پات دوكلات بېرىپ، ھەر مىل-
لەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىردەك
ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە
ئالغا ئىلگىرىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى.
ئىتتىپاقلىقتا ئۆز ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق كەڭ
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلدى.

ئۇ ياشلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈپ كېتىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ 3 مۇدىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئابلىمىت ئېلىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. لېكىن ئابلىمىت ئېلى ھەرگىزمۇ "ئۇستاز" لىق سالاھىيىتىنى پەش قىلماي، ئۇلارنىڭ دادىل ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى قىزغىن قوللاپ كەلدى. ئورۇن، دەرىجە سۈرۈشتۈرمەي، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى مەكتەپتە ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ ئومۇملىقنى نەزەردە تۇتتى. كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەمۇرىيىتى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئەلا دەرىجىدە ئورۇنلاش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى؛ كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

"مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ئابلىمىت ئېلى، — دەيدۇ بۇ مەكتەپتىن تاللانغان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 18 نەپەر ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى بولغان يولداش سەيدۇللا يۈسۈپ، — مېنىڭ سىنىپ باشقۇرۇش، دەرس ئۆتۈش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئوسۇپ يېتىلىشىمگە باشتىن - ئاياق يېتەكچىلىك قىلماقتا. پارتىيە ۋە خەلق ماڭا شان - شەرەپ بەردى. مەن بۇنى ئەسلىگىنىمدە، ھامان ماڭا بىلىم بەرگەن ئۇستازىمنى تىلغا ئالىمەن. ئۇ ماڭا ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ، مېنى ياخشى ئىشلەشكە ئۈندەپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇنداق سەممىي غەمخورلۇقى مېنى داۋاملىق تىرىشىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ."

ئابلىمىت ئېلى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھېمىشە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ھامان ئەسلەپ تۇرىدۇ: "ئوتتۇرا مەكتەپ شىنجاڭدا ھازىر قىدەك بىلىم يۇرتلىرى يوق ئىدى. مەن بىلىم تەشنالىقى بىلەن ئۇ قارا كۈنلەردە كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ 3 ئاي يول يۈرۈپ، ئاران تەسلىكتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ھازىر سىلەر يېڭى جەمئىيەتتە، زامانىۋى مەكتەپلەردە خۇشال - خۇرام ئوقۇۋاتىسىلەر. بىز ئوقۇغان شارائىت بىلەن ھازىرقى شارائىت ئوخشاش ئەمەس. سىلەر ھەقىقەتەن بەختلىك. شۇڭا سىلەر تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، خەلق ئۈچۈن يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار." ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئاددى - ساددا بولۇپ، جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئۆگەندى. ھەرگىزمۇ ئالاھىدە بولىۋالمىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولدى.

پارتىيە ۋە خەلق ئۇنىڭ 40 يىللىق ئەمگىكىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك شان - شەرەپ بەردى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلمەكتە.

يولداش ئابلىمىت ئېلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قىزغىن سۆيىدۇ، چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ. كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئۇ 1954 - يىلدىن باشلاپ پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى — ئۇ 1981 - يىلى 1 - ئايدا شەرەپ بىلەن پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردى.

62 ياشقا كىرگەن، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، يۈزلىرىدىكى سىزىقلار كۆپىيىۋاتقان يولداش ئابلىمىت ئېلى مۇنداق دەيدۇ: "مائارىپ ئىشلىرى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى. مەن ياشىنىپ قالغان بولساممۇ، مەكتەپتىن ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق. مائارىپ ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، ئاخىرقى نەپىسىمگىچە ئىشلەيمەن."

# مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش

# يوپۇرغا ناھىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى

رەھمەتۇللا ھېيت

يوپۇرغا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىككى يىلدىن بۇيان مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، پۈتۈن خەلق مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەزىيەت ياراتقانلىقتىن، ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 93.4% كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى 95.5% كە، لاياقەتلىكى 83.8% كە يېتىپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار ناھىيىگە ئايلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ، بۇ ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى بۇ ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتكە بېسىپ تارقاتتى.

يوپۇرغا ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 89 مىڭ 658 كىشى. ناھىيە بويىچە 8 گۇڭشې، 5 مەيدان بولۇپ، بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 9 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 49 مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ ناھىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم يەرلىرى شورلۇق، ئۈنۈمسىز بولغاچقا، خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناچار، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قالغان.

1980 - يىلى بۇ ناھىيە مەسئۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېز يۈكسىلىپ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇنغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان دېھقان - چارۋىچىلار تېزراق بېيىش ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتىن چېكىندۇرۇپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا، ھۈنەر ئۆگىنىشكە، كىچىكلىرىنى چارۋا بېقىش ۋە ئۇكىلىرىغا قاراشقا قويىدى. قىسقىغىنە يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچراپ، "3 نىسبەت" زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن. ناھىيە بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋامى 67% كە، ئايرىم مەكتەپلەرنىڭ داۋامى 40% كە چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزىنىڭ 84 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى

يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان يىغىن ئاچتى. يىغىندا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بولۇمى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدىن تەپسىلىي دوكلات بېرىپ، يۇقۇرىقى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا نۆۋەتتىكى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىپ، ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىدىن مائارىپنى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش تەلەپ قىلىندى ھەمدە نۆۋەتتىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق بۇ ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرى سۈردى:

1. ناھىيە، گۇڭشې، دادۈيدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ چىڭ تۇتتى، تەدبىرى كۈچلۈك بولدى.

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە چۆككۈر چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ناھىيە ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرى ناھىيە دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىرىپ دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئاندىن ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ناھىيە رەھبەرلىرى شەخسەن ئۆزلىرى رىياسەتچىلىك قىلىپ 8 قېتىم باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرقايسى گۇڭشېلاردىكى ئاساسىي مەسئۇل يولداشلار ۋە دادۈي كادىرلىرى دائىملىق تۈردە مەكتەپلەرگە چۆككۈر چۆكۈپ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى، يەكشەنبەبازار گۇڭشېسى ھەر قېتىم يىغىن ئېچىپ خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىغاندا، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە ئىلغار شۇجىلارنى باھالىغاندا ئۇلارنىڭ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىنى بىر مۇھىم شەرت قىلدى ھەمدە بۇ تەدبىرنى داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىپ كەلدى. 1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا جەمئىي 9 تۈرلۈك مەزمۇن ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى 1 ـ مەزمۇن، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش 2 ـ مەزمۇن قىلىندى. ئاچچىق گۇڭشې 2 ـ دادۈينىڭ شۇجىسى مامۇت مەمەت ئىلگىرى مائارىپ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ناھىيە، گۇڭشې مەسئۇللىرىنىڭ مائارىپقا چوڭقۇر چوككەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن تونۇشى يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ، قەيەرگىلا بارسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىدىيىۋى تەربىيە ئىشلىدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى رېمونت قىلىش، مەكتەپكە كۆچەت ياردەم قىلىش، بالىلار يەسلىسى قۇرۇش قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنى ئۆزى ھەل قىلىپ بەردى. ھازىر بۇ ناھىيىدە ناھىيە، گۇڭشې، دادۈي كادىرلىرى قاتلاممۇ ـ قاتلام مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

2. ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن ئىقتىسادىي ۋاستە بىرلەشتۈرۈلگەن مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

مەركەزنىڭ 84 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى پۈتۈن ناھىيە بويىچە تەشۋىق قىلىنىپ، ھەممە كىشىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، مەلۇم ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋامىي يەنىلا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلانمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەرقايسى گۇڭشېلار تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. يەكشەنبەبازار گۇڭشېسى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى،

كادىرلارنى مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا "مەركەزنىڭ 84 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر نەچچە تۈرلۈك تەدبىر"نى بېكىتىپ كورۇنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ تەدبىردە ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن ئىقتىسادىي ۋاستە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ماددىسىدا "ھەر قايسى دادۈيلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى 95% تىن ئاشۇرۇش، ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 85% تىن تۆۋەنلىۋەتمەسلىك تەلەپ قىلىنغان. بۇ تەدبىردە يەنە گوڭشې ئەزالىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، جازالاش ھەققىدە كونكرېت ئۇسۇللار بەلگىلەنگەن. ئۇلار مۇشۇ خىل چارىلەرنى قوللىنىپ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە خېلى زور ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى ياراتقانلىقتىن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەكشەنبەبازار گوڭشېسىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، بۇ گوڭشېنىڭ تەدبىرلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەر قايسى گوڭشېلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ تەدبىر كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دىنىي مەكتەپلەر قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ناھىيە تۈزۈپ چىققان تەدبىر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەر قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى. ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىلار بالا چاقىرغىلى بېرىپ تىل ئىشىتكەن، تاياق يېگەن بولسا ئەمدى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەكتەپكە ئېتىۋېتىپ بېرىدىغان بولدى. 1982 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم 1000 كىشىلىك چوڭ يىغىن ئېچىپ، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە كورۇنەرلىك نەتىجە ياراتقان 450 نەپەر گوڭشې، دادۈي كادىرى، ئائىلە باشلىقلىرى، تەربىيىچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى.

3 . ھەر خىل چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئوقۇتۇش بىلەن ئائىلە ئەمگىكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ ناھىيىدە يەر كوپ، ئادەم ئاز بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى. ھەر قايسى مەكتەپلەر پائال تۈردە ئامال ئىزدەپ بۇ بىر ئوبيېكتىپ ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى، ئۇلار بۇرۇنقىدەك شەھەر مەكتەپلىرىگە ئوخشاش كۈن بويى دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتىگەن ۋە كەچلىك ۋاقىتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئەمگىكىگە قاتنىشىشىغا قالدۇرۇپ بەردى، يازلىق ۋە قىشلىق تەتىل ۋاقتىنى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىگە توغرىلا كەلتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. شەخسىي چارۋىلارنى دۈيلەر بويىچە يىغىپ بېقىش، بالىلار يەسلىسى قۇرۇش چارىلىرى ئارقىلىق ئائىلىسىدە مال بېقىۋاتقان ۋە ئۇكىلىرىغا قاراۋاتقان ئوقۇش يېشىدىكى ئوسمۇرلەر ئازات قىلىنىپ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى.

4 . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

دېھقانلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشتىن باش تارتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ

بۇ ناھىيىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىدى. دەرۋەقە، بۇ ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئىگەللىگەن بىلىمىدىن قارىغاندا 38% ى، ئەمەلىي سەۋىيىسىدىن قارىغاندا 60% ى لاياقەتسىز بولغانلىقتىن، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ زىممىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش، مەسئۇلىيەت ئېتىزى تېرىش، خالىسانە ئەمگەك ۋە سۇ قۇرۇلۇشى ئەمگىكىگە قاتنىشىشتەك قاتمۇ - قات ۋەزىپىلەر بولغاچقا، ئۇلار خاتىرجەم خىزمەت ئىشلىيەلمىگەنلىكتىن، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە بەۋاستە تەسىر كورسەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋەخەلق ھوكۇمىتى بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ھەققىقەتەن مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى زور توسالغۇ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئوستۇرۇشكە، تۇرمۇش غېمىنى يەڭگىللىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. 45 بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى قۇردى ھەمدە 85 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەرنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىلادى. خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ئېتىزى، خالىسانە ئەمگەك قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بەزى دادۇيلەر خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا يىلىغا 100 يۈەندىن ئىش ھەققى قوشۇپ بەردى. 82 - يىلى مەكتەپلەر ئۈچۈن جەمى 254 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 8 ئېغىز سىنىپ، ئىشخانا سېلىپ بەردى، 3مىڭ 536 كۋادرات مېتىر 129 ئېغىز خەتەرلىك ئۆينى رېمونت قىلىپ بەردى. 1072 مېتىر چامىسىدا تام سوقۇپ، مەكتەپ قورۇسىنى تام ئىچىگە ئېلىپ بەردى. ھەر قايسى گۇڭشې، دادۇيلەر مەكتەپلەرگە 12 ئېغىز ئۆي ئاجرىتىپ بېرىپ ۋە 34 يۈرۈش پارتا، ئورۇندۇق ياساپ بېرىپ، دولەتكە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ تېجەپ بەردى. نوۋەتتە بۇ ناھىيە 12 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. يېقىندا ئۇلار ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىككى يىل بۇرۇن (1988 - يىلىغىچە) باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

---

▲ ھېچ ئىش قىلالماي ياشىشىمغا بولمايدۇ، ھاياتكەنمەن ئۈگىنىشىم، ئامما ئۈچۈن كوپرەك ئىش قىلىپ بېرىشىم لازىم. بىر ئاقار يۇلتۇز بولغانكەنمەن، نۇرنى كىشىلەرگە قالدۇرۇشۇم، بارلىقىمنى خەلققە بېغىشلىشىم لازىم.

▲ كىتاپ ماڭا بىلىم بەردى، كىتاپ ماڭا كۈچ بېغىشلىدى، كىتاپ مېنىڭ ئالدىمدا رەڭمۇ - رەڭ دۇنيانى نامايەن قىلدى.

▲ چوڭ مېڭە — فىزىئولوگىيە جەھەتتىن قاندىن ئىبارەت ئوزۇقلۇقنىڭ تەمىن ئىتىشىگە مۇھتاج، روھى جەھەتتىن بولسا كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمگە مۇھتاج. ئۇنداق بولمىغاندا "تۇۋەن ئىقتىدارلىق" بولۇپ قالىدۇ.

▲ ئادەم ئۆگەنگەن بىلىملەرنى خەلققە بېغىشلىيالىسا، بۇ ئەڭ زور خۇشاللىق بولغىنى!

▲ بىر ياش روھى دۇنياسىدىكى بوشلۇقنى پەسكەش نەرسىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز مېڭىسىنى ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلىم - پەن بىلىملىرى بىلەن تولدۇرۇشى لازىم. (جاڭ خەيدى)

# 5 يىل ئىچىدىكى زور ئۆزگىرىش

— پوسكام ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ توغرىسىدا

تاھىر تالىپ، رىشىت مامۇت

10 يىل قالايمىقانلىشىپ كەتكەن پوسكام ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ يېقىنقى 2 يىل ئىچىدىلا تېز ئۆزگىرىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەممە ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى خالايدىغان، ھەممە ياش - ئۆسمۈرلەر مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى خاتىرجەم ئىشلەيدىغان، ھەممە كىشى بۇ مەكتەپنىڭ ياخشى كېپىنى قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. مەكتەپنىڭ بۇنداق ياخشى ۋەزىيىتى قانداق بارلىققا كەلدى؟

## ياخشى كەيپىيات

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەيۋاشقا كەلتۈرۈشتە، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتى ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن قول سېلىپ، جاپالىق ۋە ئىنچىكە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتلەر ئارقىلىق مەكتەپ مۇدىرى بۇرھان دالىموپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى قەمىردىن قاتارلىق 24 نەپەر ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى ئۈستىدىكى بارلىق بەتناملارنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىغان؛ ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرگەن. ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى نىسبىتىنى 25 پىرسەنتتىن كۆپرەككە، ئالىي مەلۇماتلىقلارنى 40 پىرسەنتكە يەتكۈزگەن. ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىشتىن ئايانماي، يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان 7 ئوقۇتقۇچىنى ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەندىن تاشقىرى، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشنى چىڭ تۇتقان؛ خىلمۇ - خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ناھىيىنىڭ ھاكىمى سېلىم مەنسۇر، مۇئاۋىن ھاكىمى ئابلىز نىياز قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار ئوقۇتقۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، ھەممە يەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۆھپىسىنى سۆزلەپ، مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا بىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەشتەك ياخشى كەيپىياتنىڭ يارىتىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

## مۇكەممەل تۈزۈم

پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇكەممەل قائىدە - تۈزۈملەر ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. مەكتەپنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتە

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قائىدىسى»نى ئاساسىي مىزان قىلىش بىلەن بىر چاغدا «مەكتەپ مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «مۇھىت تازىلىقى تۈزۈمى»، «ياتاق ئىنتىزامى» تۈزۈپ ئىجرا قىلغان؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە قاتناش تارماقلىرى بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش، قاتناش تەرتىپىگە رىئايە قىلىش توختاملىرى تۈزۈشكەن ھەمدە ئۇنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ تۇرغان. مەكتەپ قەھرىمان - نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش، داھىلاردىن ئۆگىنىش، ئالىملاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى "مەدەنىيەتلىك - ئەدەپلىك بولۇش" پائالىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، "3تە ياخشى ئوقۇغۇچى"، "4تە ياخشى سىنىپ"، "5تە ياخشى ئوقۇتقۇچى" بولۇش مۇسابىقىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. نەتىجىدە ياخشى كىشى ۋە ياخشى ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن كۆپىيىپ، ياخشى كەيپىيات مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن. مەكتەپ 1979 - يىلى ئوقۇتقۇچىلار قويغان 3 تەلەپ (ئوقۇغۇچىلار بار سورۇندا قالايمىقان چاقچاق قىلماسلىق، ئوقۇغۇچىلار بار سورۇندا جېدەل - ماجىرا چىقارماسلىق، ئوقۇغۇچىلار بار سورۇندا تاماكا چەكمەسلىك ۋە ھاراق ئىچمەسلىك) ھازىر ئادەتكە ئايلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئىززەت - ھۆرمەت قويۇقلاشقان. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى، مەكتەپ مەمۇرىيىتى، ئىتتىپاق تەشكىلاتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مالىيە بۆلۈمى قاتارلىق تەشكىلاتلار ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوقۇتۇشقا قارىتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز دائىرىسىگە مەسئۇل بولۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن تاشقىرى، مەكتەپ يەنە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرى مەسئۇللىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنىڭ دائىم ئامما ئارىسىدا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان؛ ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، جەمئىيەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىنكاسلىرىنى ئۇقۇشۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ۋە ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى يولنى راۋانلاشتۇرغان.

## گۈزەل شارائىت

دەرۋازىدىن كىرىپلا قارىغان كىشىگە بۇ مەكتەپ خۇددى بىر گۈزەل سەيلە - ساياھەت باغچىسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئەمگەك قىلىپ ياراتقان بۇ مۇھىتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇشتىن كۆرە، مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە 16 مىڭ تۈپكە يېقىن ھەرخىل دەل - دەرەخ بارلىقى، 1977 - يىلدىن بۇيان مەكتەپ يەرلىرىدىن 60 مىڭ جىڭغا يېقىن ئاشلىق، 200 مىڭ كىلوگرامغا يېقىن كۆكتات، 20 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ھەرخىل مېۋە ھەم قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى، بۇلتۇر ۋە بۇ يىل ئەتىيازدا گۈل ئۇرۇقلىرى سېتىش ئارقىلىق 750 يۈەن پۇل كىرىم قىلىنغانلىقىنىلا ئېيتىپ قويساق كۇپايە قىلار.

مەكتەپ 5 يىلدىن بۇيان 28 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىقنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقىغا تولۇقلاپ ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنى ھەر يىلى ھېيت - بايراملاردا ۋە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئەرزان باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. ئوقۇتقۇچىلار بىر نەچچە يىلدىن بۇيان سىرتتىن سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتۇن - كۆمۈر سېتىۋالماي، مەكتەپتىن ئەرزان باھادا تەمىنلەنگەن. ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا تاماق سۈپىتى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، تەننەرقى تۆۋەنلىگەن. ئوقۇغۇچىلار ئۆزۈقلۇق

ئاشلىغى تاپشۇرغاندىن باشقا، راسخوت تولىمەيدىغان بولغان. يەنە 1982 - 1983 - ئوقۇش يىلىنىڭ 2 - مەۋسۇمىدە ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك كىتاپلار ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەن. ھەر يىلى ئىمتىھان ئالدىدىكى دەرس تەكرارلاش كۈنلىرىدە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى گوشلۇك تاماق، سۈت، شېكەر، مېۋىلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىگەن.

مۇشۇ 5 يىل ئىچىدە مەكتەپنىڭ سىنىپ، ئىشخانا، ياتاقلىرى، ئوقۇتۇش جاھازلىرى تامامەن يېڭىلانغان ۋە تولۇقلانغان. بۇ يىل ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن 120 دانە (2 قەۋەتلىك) پولات كارۋات ياسىتىلغان. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن كىرىم قىلىنغان 40 مىڭ يۈەن پۇلغا 1980 - يىلى «ئازات» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرسى، كىچىك تىپتىكى تىراكتوردىن 2 سى سېتىۋېلىنغان. بۇيىل يەنە بىر رەڭلىك تېلېۋىزور، 3 دانە ئۈنئالغۇ سېتىۋېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلغان.

## يۇقۇرى ئۈنۈم

مەكتەپ بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋامى 1978 - يىلى 90 پىرسەنت بولسا، 1983 - يىلى 99.8 پىرسەنتكە؛ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 1978 - يىلى 56.5 پىرسەنت بولسا، بۇ يىل 85 پىرسەنتكە يەتكەن. ھازىر ئىمتىھاق ئەزالىرى 207 نەپەرگە يېتىپ، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن؛ "3تە ياخشى" ئوقۇغۇچىلار سانى يىلسېرى كۆپىيىپ، بۇ يىل 92 نەپەرگە، "4 تە ياخشى" سىنىپ 4كە يەتكەن. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى 1980 - يىلدىن بۇيان ئۇدا ناھىيە بويىچە ئىلغار ياچېيكا، مەكتەپمۇ ناھىيە بويىچە ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالانغاندىن تاشقىرى، بۇلتۇر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىتنى كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ مۇكاپاتلانغان؛ بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە "مەدەنىيەتلىك - ئەدەپلىك بولۇش" ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن؛ بۇلتۇر قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

بۇ مەكتەپنىڭ يۇقۇرى مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىش جەھەتتىكى نەتىجىسىمۇ كۆرۈنەرلىك. 1978 - يىلى بىر ئوقۇغۇچى تارىم يېزا ئىگىلىك داشۆسىگە، 1979 - يىلى 11 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان بولسا، 1980 - يىلغا كەلگەندە 15 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە، 45 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا؛ 1981 - يىلى 16 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە، 22 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا؛ 1982 - يىلى 19 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە، 17 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا؛ بۇ يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان 100 ئوقۇغۇچىنىڭ 92 نەپىرى لاياقەتلىك بولۇپ، 53 نەپىرى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان. بۇلتۇر 18 ئوقۇغۇچى ناھىيىنىڭ ئىمتىھان ئېلىپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، كادىرلىققا قوبۇل قىلىنغان.

بۇ مەكتەپتىكى 66 نەپەر ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى، 821 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ پائال باشلامچىلىقىدا، بىر نىيەتكە كېلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باتۇرلارچە ئالغا باسماقتا.

سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتى

# سىنىپ مۇدىرلىرىنى يەكگىللىك بىلەن ئالماشتۇرماسلىق لازىم

ئىدرىس قادىر

(قاغىلىق ناھىيىلىك مەدىنى - مائارىپ بۆلۈمى)

بىز بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناھى-
يىمىزدىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ
مەكتەپلەرگە بېرىپ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش -
تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردۇق. ھەممە تەلىم -
تەربىيە سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان
مەكتەپ ۋە سىنىپلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى
يەكۈنلەپ ئومۇمى دائىرىگە كېڭەيتتۇق. بۇ
جەھەتتە ھەممىگە ئورتاق بولغان تۈپ ئاسا-
سى تەجرىبىلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئىلغار بول-
غان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە سىنىپ مۇدىر-
لىرىنى ئالدىن تاللاش، مۇقىملىقنى ساقلاپ،
ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ مەكتەپلەردە سىنىپ
مۇدىرلىرىنىڭ ئىدىيىسى تۇراقلىق، قىزغىنلى-
غى ئۈستۈن، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىغى كۈچ-
لۈك، چارە - تەدبىرلىرى جانلىق، ئوقۇتۇش
سۈپىتى ياخشى، خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەر-
لىك بولغان. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن
ئوخشاشلا يىلمۇ - يىل سىنىپ كۆچكەنلىگى
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سىياسى، مەدىنى، كەسپي
سەۋىيىسى تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچ-
قا كۆتىرىلىپ، دەرسلىك ۋە مېتۇد ئوتكىلىدىن
ئوتۇشكە ئاساس يارىتىلغان. ئۇلار ئوقۇغۇچى-
لار، ئاتا - ئانىلار، جەمىيەت بىلەن پىششىق
تونۇشۇپ، ھەركىمنىڭ ئوز ئالاھىدىلىكىنى جا-
رى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. مەكتەپ،
ئائىلە، جەمىيەتتىن ئىبارەت ۋ تەرەپنىڭ
ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياش - ئۆسمۈرلەر-
نى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانى جەھەتلەر-
دىن ياخشى تەربىيلەش مەقسىدىگە يەتكەن.
ئوقۇغۇچىلار ۋەتەننى، پارتىيىنى، سوتسىيال-
زىمنى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت تۈپكى
توغرا ئىدىيىنى ئوزىگە سىڭدۈرۈپ، ئاكتىلىق
ھالدا تىرىشىپ ئوگەنگەن. مەسىلەن: بازار
1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە سىنىپ مۇدىرلىرى
بىر بېكىتىلىپ 5 يىلغىچە ئوزگەرتىلمىگەن، 3
سىنىپقا 1 - يىللىقتا قوبۇل قىلىنغان 153 ئو-
قۇغۇچىنىڭ ھەممىسى يىلمۇ - يىل سىنىپ كو-
چۈپ، 70 پىرسەنتىدىن كوپرەگى ئەلا ئوقۇپ،
ھەممىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا
كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغان. شۇ قاتار-
دا ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى پائالىيىتى ئومۇ-
مىيۈزلۈك ياخشى بولۇپ، باشقا سىنىپلارغا
ياخشى تەسىر قالدۇرغان. مەكتەپنى، ئاتا - ئا-
نىلارنى، جەمىيەتنى خۇرسەن قىلغان. ئۇنىڭ
ئەكسىچە سىنىپ مۇدىرى قالايمىقان يەڭگۈش-
لەنگەن سىنىپلاردا بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
داۋامى تۇراقسىز، ئىنتىزامى ناچار، بىلىم سۈ-
پىتى تۆۋەن بولغان. مەسىلەن: مەلۇم بىر
مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىغا 1 - يىللىقتا 42 ئو-
قۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇش پۈت-
تۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا سىنىپ مۇدىرى 11
قېتىم يەڭگۈشلەنگەن. بۇ سىنىپ باشلانغۇچ
مەكتەپتە 2 قېتىم ئارقىسىغا ياندۇرۇلۇپ 7 يىل
ئوقۇغان بولسىمۇ، 27 نەپىرى ساۋاتسىز پېتى
مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن. سىنىپ مۇدىرلى-

غىدىن تولا ئالماشتۇرۇلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسى، مەدەنى، كەسپىي سەۋىيىسى ئارقىدا قالغان. خىزمەتتە بىخۇت، بوشاڭ، مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ قالغان. ئىشنىڭ ئاسىنىنى ئىزدەپ ئېغىرىدىن قاچقان. ئوقۇغۇچىلار، ئاتا - ئانىلار بىلەن ئانچە ياخشى چىقىشالمىغان. يېتەكلىش دەۋاسىنى قىلىپ تەشكىلنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان. خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزگەن.

بۇ خىل ئەمەلىيەتتىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، مەكتەپ تەلىم - تەربىيىسىدە سىنىپ مۇدىرىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ ۋە مۇھىم، سىنىپ مۇدىرىنىڭ رولىدىن ئايرىلغان ھالدا بىر مەكتەپنىڭ خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، سىنىپ — مەكتەپنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىل. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا سىنىپ بويىچە دەرس ئۆتۈش ئاساسىي شەكىل قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمىتىمۇ سىنىپنى ئاساسىي بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىنىپ مۇدىرى سىنىپ خىزمىتىنى تەشكىللىگۈچى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى، ئۇ مەكتەپنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ھەر قايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىرلىكتە ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى - سىياسى تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. سىنىپ كوللېكتىۋىنى تەشكىللەيدۇ ۋە قۇرۇپ چىقىدۇ. ئەشۇ سىنىپقا دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا ياردەملىشىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا يېتەكلەپ، ئۆگىنىش سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۆز سىنىپىنىڭ پاشلار ئىتتىپاقى، پىئونېرلار ئەترىتى ۋە سىنىپ ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بولۇپ ئۇلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىنى باھالايدۇ ۋە باشقىلار.

ئومۇمەن ئالغاندا، مەكتەپتىكى نۇرغۇن خىزمەتلەر سىنىپ مۇدىرلىرى ئارقىلىق ئىزچىللىشىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرەر مەكتەپنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى مەكتەپ مۇدىرىدىن قالسا، سىنىپ مۇدىرىنىڭ رولىغا باغلىق.

ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇلاردىكى قانۇنىيەتنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپ مۇدىرى سىنىپنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ ئاساسىي دىققەت - ئېتىۋارى ۋە زېھنىنى قوۋىتىنى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىپ، ئىنچىكە، مۇرەككەپ، جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق سىنىپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ كونكرېت خاراكتېر، خۇسۇسىيىتى، مىجەز - خۇلقى، ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى، ئائىلە ئەھۋالى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، ئۆگىنىش ئەھۋالى، قايسى تەرەپتىن يېتەكلەش لازىملىقى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە ئىگىلەپ سىستېمىلىق تەربىيىلەش ھەركىتىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇنداق چۈشىنىش ۋە تەربىيىلەش ھەركىتى بالىلارنىڭ ئەۋرىشىمچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن باشتىن - ئاخىر كىچىكتىن - چوڭغا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە، ئاددىيدىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ نىشانلىق، مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ھالدا ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. بۇ خىل تەربىيە خىزمىتى نەتىجىسىدە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ھاياتىغا كونۇپ، پەيدىن - پەي تۇۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققى قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنمەي، سىنىپ مۇدىرلىرىنى ھەدەپ يۆتكەۋەگەندە، بۇ

خىل ئىزچىللىق بۇزۇلىدۇ. خىزمەت پىلانى قالايمىقانلىشىدۇ. كۆتكەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، سىنىپ مۇدىرى كوپ ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغان سىنىپ ئاسانلا "قالايمىقان سىنىپ"قا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئۆسمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ ياخشى ئوقۇيالماي زىيان تارتىدۇ. دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

شۇڭا، مەكتەپلەر ھەر قېتىم يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، سىنىپ مۇدىرىنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيە، ئاڭ سەۋىيىسى يۇقۇرى، ماھارىپ ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيىدىغان، كەسىپچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، تەشكىللەش ئىقتىدارى نىسبەتەن كۈچلۈك، بەلگىلىك ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، ئىناۋىتى بىر قەدەر يۇقۇرى، ئىستىلى توغرا، چىقىشقاق، سالامەتلىكى بىر قەدەر ياخشى ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ سىنىپ مۇدىرلىقىغا قويۇش كېرەك. ئوخشاش يىللىقلارغا مەلۇم ساندا خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك، تەجرىبىلىك سىنىپ مۇدىرلىرىنى سەپلەپ، ئۇلارنى تايانچ قىلىپ، ياش سىنىپ مۇدىرلىرىنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. سىنىپ مۇدىرلىرى ئۆز سىنىپىغا ئىمكان بار ئاساسلىق پەنلەرنى بېرىشى، ئۇلارنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىلىرى كوپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. سىنىپ مۇدىرلىرىنى ئىمكان قەدەر بىرىنچى يىللىقتا بىر بېكىتىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 5 يىلغىچە، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 3 يىلغىچە يەڭگۈشلىمەسلىك لازىم. تەسادىپىي ئەھۋال ئاستىدا يەڭگۈشلەشكە توغرا كەلگەندە، ئاۋالقىدىن قېلىشمايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ سەپلىشى، مەكتەپ رەھبەرلىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىم سۈپىتى مەركەز قىلىنغان ئاساسىي ئەھۋالىنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ ئاۋالقى سىنىپ مۇدىرىنىڭ خىزمىتىنى خۇلاسىلاپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كېيىنكى سىنىپ مۇدىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى، يېڭى سىنىپ مۇدىرىنىڭ خىزمىتىنى پات - پات تەكشۈرۈپ ئالغا باسقان تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلىرىگە قارىتا يېقىندىن ياردەم بېرىشلىرى لازىم. مەكتەپنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە پىلانلىق ھالدا يېتەكچىلىك قىلىپ، كۈچلۈك بىر سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇشنى مەكتەپنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمىتىنى ھەقىقى تۈردە ياخشى ئىشلەپ ئۇلارغا سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىق تونۇتۇش، ئۇلارنى سىنىپ مۇدىرلىقىغا دائىر كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش ۋە قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇشكە تىرىشىشى، سىنىپ مۇدىرلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۇلارغا يېقىندىن ياردەم بېرىش، سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ جاپالىق خىزمىتىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ئېتىۋار بېرىشى، غەمخورلۇق قىلىشى لازىم.

سىنىپ مۇدىرلىرىمۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە تاپشۇرۇقى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ، مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىشى، خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ پائال تۈردە ياخشى ئىشلىشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ياخشى تەربىيىلەپ، يارامىلىق يېڭى ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن كۈچىنىپ ئىشلىشى لازىم.

**ئەخلاق ۋە پەزىلەت**

# تەلەپچان ئۇستاز بولۇش ھەققىدە

"تەلەپچان ئۇستازدىن دانىشمەن شاگىرت چىقىدۇ" دىگەن گەپ ناھايىتىمۇ ئورۇنلۇق ئېيتىلغان. ئادەتتە، تەلەپچان ئۇستاز دىگەن سوز ئېغىزغا ئېلىنىش ھامان، بەزىلەر: ئوقۇتقۇچى سۈرلۈك، كەسكىن بولۇشى، ئوقۇغۇچى ئىتائەتچان بولۇشى كېرەك، دەپلا ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل ئۇقۇشماسلىقتۇر. توغرا، ئوقۇغۇچى ئەلۋەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. بىراق ئوقۇتقۇچى نىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك؟ ئەگەر بىز ئوقۇتقۇچى بولغانلار پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىمىزگە بويسۇنۇشىنىلا ئويلاپ، ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ۋە بالىلارنىڭ ئۆگىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلمىساق ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىساق، مائارىپ خىزمىتىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. يولداش شۆي تېلى: "بىزنىڭ مائارىپىمىز ئىنقىلاۋىي مائارىپ، ئۇنىڭ مەقسىدى ئىستائەتمەنلەرنى ئەمەس، بەلكى خەلقنى تەربىيىلەشتۇر. يولىمىز ۋە ئۆزىمىز چۈشەنمەيدىغان قارغۇلارچە بويسۇنۇشقا قارشى تۇرۇش كېرەك... قايىل قىلىش ئۇسۇلى ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن بىر تەرەپلىمە ھالدا قويۇپ قويۇش بولماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا مۇھاكىمىسى ۋە تەتقىقاتى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى ئۇجۇقتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئۇزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، توغرا بىلىملەر ئارقىلىق نادانلارچە ھەركەت قىلىشنى يېڭىشتىن ئىبارەت" دەپ ئېيتقان ئىدى.

رىيال تۇرمۇشتا بىز دائىم بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچى پائالىيىتىدىكى ئايرىم تاسادىپىلىقلارنى، ئانچىكىم مەسىلىلەرنى تۇتىۋېلىپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىنى ئەيىپلەيدىغانلىقىنى، مەسخىرە قىلىپ زەربە بېرىدىغانلىقىنى ياكى ئوقۇغۇچى خاتا يېزىپ قويغان بىرەر سوز، توغرا ئىشلىمىگەن بىرەر مەسىلە، مىسالنى تۈزىتىش تۈپەيلىدىن 10 قېتىملاپ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كوپرەك مەشىق قىلدۇرىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنى جازالايدىغانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تەلەپچان ئۇستاز بولغىلى، ئوقۇغۇچىلارغا پايدا يەتكۈزگىلى بولارمىش. روشەنكى، بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ ئويلىغاندەك ئۈنۈم بەرمەيدۇ، ئوقۇغۇچى نىمە قىلارىنى بىلمەي ئېڭىرقاپ قالىدۇ، روھى ۋە ئۆگىنىش جەھەتتىكى يۈكىنى ئارتۇقچىلا ئېغىرلىتىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىغا ۋە ئالغا بېسىش ئىشەنچىسىگە ئازار بېرىپ قويىدۇ.

تەلىم - تەربىيە — پەن، شۇنداقلا ئۇ يەنە بىر خىل سەنئەت. ئوقۇغۇچىلار مەيلى ئادەم بولۇش مىزانلىرىنى ئۆگىنىش، پەن - مەدىنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەش ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا بولمىسۇن، مۇقەررەر ھالدا بىلمەسلىكتىن - بىلىشكە، تېيىزدىن - چوڭقۇرغا، ئاز بىلىشتىن كوپ بىلىشكە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقۇرى دەرىجىگە قاراپ راۋاجلىنىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ جەرياندىكى ئىلھاملاندۇرۇشى، يېتەكچىلىكى ۋە تەلىم - تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشى ۋە ئەمەلىي تەرەققىياتىنى چىقىش قىلىشى، تەلىم - تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا ۋە مۇجمەل نۇقتىلارنى تۇتۇۋېلىپ، "قائىدە - مىزانلاردىن ساۋاق بېرىش، ماھارەت ئۆگىتىش، مۇجمەللىكلەرنى يېشىپ بېرىش" خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن جانلىق، تېتىك ئېلىپ بېرىشى، پۇختا قەدەملەر بىلەن تەدرىجىي ئىچكىرىلىشى، بىراقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىرىماسلىقى كېرەك.

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم تەقەززاسى كۈچلۈك بولىدۇ، تەبىئەت، جەمئىيەتتىكى شەيئىلەرگە قىزىقىدۇ، تېگى - تەكتىگىچە سۈرۈشتە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتىدىكى چوڭ بىر ئالاھىدىلىك، شۇڭا ئۇلار ھامان مەلۇم جەھەتتە، بىر خىل پەۋقۇلئاددە ھەۋەس ۋە قىزىقىشنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي قالىدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇ خىل ھەۋەس ۋە قىزىقىشنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىشى، ئۇنىڭغا ئېتىۋار بېرىشى ھەمدە ئۇنى يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرگە جىددىي مۇئامىلە قىلىش، ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى تەقەززا قىلىدىغان ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر. مۇشۇلارنى ھازىرلىغانلارلا ئاندىن بىز تەلەپ قىلغان تەلەپچان ئۇستاز سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنداق تەلەپچانلىق ھەرگىز پوزىتسىيىدىكى جىددىيلىك، گەپ - سۆزدىكى قاتتىقلىق ۋە ھەركەتتىكى كەسكىنلىككىلا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت "بىلىم بەرگەندە زېرىكمەي ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇش؛ ئىدىيە ئالماشتۇرغاندا ئۆز ئارا سىردىشالايدىغان يولداش بولۇش؛ كوللېكتىپ تۇرمۇشتا يېقىن قېرىنداشلاردەك بولۇش؛ ساۋاقداشلارغا غەمخورلۇق قىلغاندا مېھرىۋان ئانا بولۇش"، يەنى ھەم ئوقۇتۇش ھەم ئادەم تەربىيىلەش ۋە ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا غەمخورلۇق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

بۇنداق تەلەپچان ئۇستاز بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە: جىددىي خىزمەت پوزىتسىيىسىگە، ئەستايىدىل ئۆگىنىش روھىغا ۋە مۇكەممەل تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇش كېرەك.

ئوقۇتقۇچىدىن جىددىي خىزمەت پوزىتسىيىسىنى تەلەپ قىلىش ئادەم تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتىدۇ، بۇ خىزمەتتە بىخوتلۇق قىلىشقا، سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى "تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش" نىڭ قۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى، يەنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا يارامىلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى يېڭى بىر ئەۋلات كىشىلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىلارغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئەھۋالغا ئاساسەن يېتەكچىلىك قىلىشى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئورتاق ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىشى كېرەك.

ئەستايىدىل ئۆگىنىش روھى دېگەندە، ئاساسەن، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتۇش كەسپى جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ئىچكىرىلەش، كەس-

پمي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىش؛ شۇنداقلا يەنە ماڭارىپ ئىلمىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئوقۇتۇش سەنئىتىنى ئىگەللەش ۋە ئۆستۈرۈش، سۆزى ئاددى، مەنىسى چوڭقۇر بولۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكەلەيدىغان بولۇش... نى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر نېمە دېسە شۇنى ئىشلەش ۋە زومۇ - زو كۆچۈرۈپ كېلىشتىن ساقلىنىپ، ساختىلىقنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى مۇكەممەل بولۇش دېگەندە، تەلىم - تەربىيە ۋە ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسلىق ياكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇشى، ئىلگىرى - كېيىنلىكى، جىددىيلىك دەرىجىسى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىنىشى ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تېيىزدىن چوڭقۇرغا، ھېسسى بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇلۇشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش تەلەپچانلىق ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىراپ كېتىشمۇ تەلەپچانلىق بىلەن ماھىيەتلىك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك — ئەلۋەتتە.

بىزنىڭ سۇبېكتىپ ئارزۇيىمىزدىن ئېيتقاندا، تەلىم - تەربىيە جەريانىدا "ئازراق كۆچەپ كۆپرەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش" نى ئۈمىت قىلىمىز. بىزنىڭ خىزمەت ئوبېكتىمىز جانلىق ياش - ئۆسمۈرلەردىن ئىبارەت بولغاچقا پەقەت ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى ھەقىقىي چۈشىنىش، بىلىش، ماڭارىپ خىزمىتىدىكى پىرىنسىپلارنى ئىگەللەش، مۇكەممەل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالايمىز، ئۇنداق بولمىغاندا "كۆپرەك كۆچەپ ئازراق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش" تىن خالىي بولالمايمىز. چەي يۈەنپېي «4 - ماي» مەزگىلىدىلا: "مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى تەلىم - تەربىيىسىدە، ئوقۇتقۇچى: مەن ئوقۇغۇچىلارغا دۈگىلەك دېسەم دۈگىلەك دېيىشى، كۋادرات دېسەم كۋادرات دېيىشى كېرەك، دەپ قارىسا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولۇپ قالىدۇ... تەلىم - تەربىيە ئۆز مۇددىئاسىنى ئوقۇغۇچىلارغا زومۇ - زو تاڭماسلىقى، بەلكى ھەر بىر كىشىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملىشىشى كېرەك" دېگەن ئىدى.

جىددىي خىزمەت پوزىتسىيىسى بولمىسا، ماڭارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەستايىدىل تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ؛ ئەستايىدىل ئۆگىنىش روھى بولمىسا، ساختىلىق يامراپ پەرزەنتلەرگە زىيان سالىدۇ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا، كىشىلەرگە ئۇستاز بولۇشتىن گەپ ئېچىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ؛ مۇكەممەل تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى بولمىسا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھەر خىل تەلەپلەرنىڭ خالىغانچە ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوقۇتقۇچى، بولۇپمۇ تەلەپچان ئۇستاز بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئوقۇتقۇچى ئېھتىمال سۈرلۈك، كەسكىن بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى قارىغۇلارچە بويسۇنۇشقا ۋە پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇشقا سەۋەپچى بولىدۇ، ئىقتىدارلىق خادىملارنى تەربىيەلەپ چىقالمايدۇ!

(«ئىشچى - خىزمەتچىلەر» ژورنىلىدىن ئېلىندى)

دوستلۇق — ساداقەتلىك بىلەن ئورۇق چېچىشقا، قىزغىنلىق بىلەن سۇغۇرۇشقا، پىرىنسىپاللىق بىلەن تەربىيىلەشكە، ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق قوغداشقا مۇھتاج.

— ماركس

# پسىخولوگىيە دېگەن نېمە؟

پسىخولوگىيە — ئادەمنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. پسىخولوگىيىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەم كونا ھەم يېڭى بىر پەن. مۇندىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى مېڭزى: “ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئەسلى ياخشى تەبىئەتلىك ئىدى” دېسە، شۈنزى بۇنىڭ ئەكسىچە: “ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئەسلى يامان تەبىئەتلىك ئىدى” دەپ قارىغان. كىشىلەرنىڭ پسىخىكىلىق ھادىسىلەردىكى ئىندىۋىدۇئاللىق توغرىسىدا دەسلەپكى مۇھاكىمىلىرى ئەنە شۇنداق بولغان. ھالبۇكى، پسىخولوگىيىنىڭ بىر پەن بولۇش سۈپىتىدە كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىگە ھازىرغىچە 100 يىلدىن ئاشمىدى. بىراق ئۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە 30 نەچچە تارماقاقا ئىگە پەن بولۇپ قالدى. مەسىلەن، تەلىم - تەربىيە پسىخولوگىيىسى، بالىلار پسىخولوگىيىسى ۋە مېدىتسىنا پسىخولوگىيىسى دېگەنگە ئوخشاشلار.

لېكىن، پسىخولوگىيە تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى سىرلىق، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان غەلىتە ئىلىم دەپ قاراپ، گويا بۇ بىلىم ئىگەللىۋېلىنسىلا، باشقىلارنىڭ پسىخىكىسىنى كۆزەتكىلى ياكى ئۆزىنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئالدىن مولچەرلىگىلى بولىدىغاندەك ھېساپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پسىخولوگىيە قانداقتۇ بىر خىل “ئىلمىي” رەمماللىق پېنىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنداق بولسا، ئادەمنىڭ پسىخىكىسى دېگەن زادى نېمە؟ پسىخولوگىيە قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ پسىخولوگىيىنى ئۆگىنىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

ئادەمنىڭ پسىخىكىسى دېگىنىمىز — ئادەمنىڭ تۇيغۇ - ئىدراكى، خاتىرىسى، تەپەككۇرى، ھېسسىياتى، ئىرادىسى ھەمدە قىزىقىشى (ھەۋىسى)، تالانتى (قابىلىيىتى) ۋە مىجەز - خاراكتېرى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مېڭىدىكى ئىنكاسىدۇر. ئادەمنىڭ ھەر قانداق پائالىيىتىدە پسىخىكىلىق ھادىسە بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچى دەرس ئاڭلاۋاتقان چاغدا، دەرسلىك كىتابىنى ئوقۇيدۇ، دوسكىغا قارايدۇ. قۇلىقى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلايدۇ، بەزىدە ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىۋاتقان نەرسىلەر ۋە ياكى تابلىتسا، ئۈلگە، ئەۋرىشكىلەرنى قولى بىلەن تۇتۇپ باقىدۇ، ئەنە شۇنىڭ بىلەن تۇيغۇ — ئىدراك پەيدا بولىدۇ. دەرس ئۈستىدە كۆز ئالدىدىكى شەيئىلەر ئىدراك قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئەستە ساقلاشقا، بەزىدە تېخى ئىلگىرى ئوقۇپ ئۆتكەن بىلىملەرنى ئەسكە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ خاتىرە بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىشى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى ھادىسىلەرنى چۈشىنىش بىلەنلا توختاپ قالسا يېتەرلىك بولمايدۇ، ئۇ يەنە شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھمىيىتىنىمۇ چۈشىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدراكى ماتىرىيالدىن ۋە ئۆزىدە بار بىلىمدىن پايدىلىنىپ ئۇ شەيئىنى بىلىشى، تەھلىل قىلىشى، ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ، ئاخىرىدا شەيئىنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگەللىۋېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مانا

بۇ تەپەككۇر قىلىش بولىدۇ. ئوقۇغۇچى ئىدراك قىلغان، خاتىرىسىگە ئالغان ۋە تەپەككۇر قىلغان چاغدا، بارلىق زېھنىنى توپلاپ ئەستايىدىل ئۆگەنگەندە ئاندىن ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. مانا بۇ دىققەت بولىدۇ. تۇيغۇ - ئىدراك، خاتىرە ۋە تەپەككۇر قاتارلىقلار كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشكە كىرىشكەن چاغدا پەيدا بولىدىغان پسىخىكىلىق پائالىيەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىش پائالىيىتىگە مەنسۇپ.

كىشىلەر ھەر خىل پائالىيەتتە بولۇش جەريانىدا، ھامان بەزى سۇبيېكتىپ تەسىراتلارغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەريانىدا، ئوقۇۋاتقان بىلىمگە چۈشەنگەن ۋە ئۇنى بىلىۋالغان چېغىدا خوشال بولىدۇ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چېغىدا بولسا بېشى قاتىدۇ، زارلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان باشقاتماق، خوشال بولماق ۋە زارلانماقلار ھىسسىيات بولىدۇ، يەنى ئادەتتە كىشىلەر دائىم ئېيتىپ يۈرىدىغان خوشاللىنىش، قايغۇرۇش، زارلىنىش ۋە شادلىق قاتارلىقلار. كىشىلەر ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە ئۇنى بىلمەكچى بولىدۇ، ئەمما، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى قارغۇلارچە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ قەدەر ئوڭۇشلۇقمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش مەقسىتى بولىدۇ، ئوقۇتۇش پىلانى تۈزىدۇ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇنى يېڭىدۇ، مانا بۇ پائالىيەتلەر ئىرادە پائالىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش جەريانى ئىرادە بولىدۇ.

بىلىش پائالىيىتى، ھىسسىيات، ئىرادە قاتارلىق پسىخىكىلىق پائالىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە تاماملىنىش جەريانى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ پسىخىكىلىق جەريان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەمدە پسىخىكىلىق جەريان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر كىشىدە ئوخشاش بولمىغان پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، بىز ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز، ئارتۇقچىلىقى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، نەتىجىلىرىدىمۇ يۇقىرى - تۆۋەنلىك بولىدۇ. بۇ قابىلىيەت جەھەتتىكى پەرق ۋە ئالاھىدىلىك. قىزىقىش جەھەتتىمۇ پەرقلەر بولىدۇ. بەزىلەر تارىخقا قىزىقىدۇ، بەزىلەر بولسا تىل - ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىدۇ؛ خاراكتېرى جەھەتتىن، بەزىلەر جىمغۇر، ئېغىر - بېسىق كېلىدۇ؛ بەزىلەر قىزغىن، روھلۇق كېلىدۇ، مىجەزى (تېمپېرامېنتى) جەھەتتىن، بەزى ئادەملەر كەسكىن، قەيسەر كېلىدۇ، بەزى ئادەملەر ئەزمە، لىگتاسما كېلىدۇ. كىشىلەر قابىلىيەت، ھەۋەس، خاراكتېر، مىجەز قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىگەن ئايرىم پەرقلەر ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. پسىخولوگىيە ئەنە شۇ ئىككى تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك:

- پسىخىكىلىق ھادىسە
  - پسىخىكىلىق جەريان
    - بىلىش پائالىيىتى
      - ئىدراك
      - خاتىرە
      - چۈشەنچە
      - تەپەككۇر
    - ھىسسىيات
    - ئىرادە
  - ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك
    - ھەۋەس (قىزىقىش)
    - تېمپېرامېنت (مىجەز)
    - خاراكتېر
    - قابىلىيەت

(ئاخىرى 74 - بەتتە)

# بىر سائەتلىك دەرس ئۈستىدە پسىخولوگىيىلىك تەھلىل يۈرگۈزۈش

مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بەزى ئوچۇق دەرسلەر (كورەك دەرسلىرى)نى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇلار ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىش — ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. ئەمما بىر سائەتلىك دەرس ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، دائىم دىققەت پېداگوگىكا ۋە ئوقۇتۇش مېتودى نەزەرىيىسىلا چىقىش قىلىنىپ، بىر سائەتلىك دەرسنى پسىخولوگىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پەقەت پېداگوگىكا، ئوقۇتۇش مېتودى ۋە پسىخولوگىيىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى يەكۈنلىگىلى بولىدۇ.

## بىر سائەتلىك دەرسنى نېمە ئۈچۈن پسىخولوگىيە ئارقىلىق تەھلىل قىلىمىز

نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ھەر قانداق ئوقۇتۇش پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش پائالىيىتى ۋە مۇددىئاسى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتكۈل پسىخىك پائالىيەتلىرى ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە پائال قاتناشتۇرۇلغاندىلا، ئاندىن تېگىشلىك ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر سائەتلىك دەرسنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى شۇ سائەتلىك دەرسنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ھەركەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئەمەلىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بەزى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دەرسخانا ئىچىدىكى ئوقۇتۇشىنى بىر قەدەر ئاڭلىق ھالدا پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئويلايدۇ ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن تەشكىللەيدۇ. شاڭخەي شەھىرى جىيادىڭ ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىسى چيەن مېڭلۇڭ مۇشۇنداق ئىشلىگەن. ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈشتىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى — ئوقۇتقۇچى يېتەكچى، ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي گەۋدە بولۇش، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەشكىللىشى، ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى ئاستىدا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرسخانىسىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرى دائىم ئاكتىپ ھالەتتە تۇرىدۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشى، مۇددىئاسى (ھېسسىيات، ئىرادە قاتارلىقلىرى) ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىمۇ ئۆزئارا قوشۇلۇپ، دەرسخانا ئىچىدە ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىنىشكە پايدىلىق بولغان روھىي ھالەت كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ.

پسىخولوگىيە بىلەن پېداگوگىكا ۋە دەرس ئۆتۈش مېتودىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، پسىخولوگىيە — پېداگوگىكا ۋە دەرس ئۆتۈش مېتودىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان نەزەرىيىۋى ئاساسى. بىر سائەتلىك دەرس ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، ھەم پېداگوگىكا ۋە ئوقۇتۇش مېتودى جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغان، ھەم

پسخولوگيه جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندىلا، ئاند
دىن كىشلەرگە ئۇنىڭ شۇنداقلىغىنى بىلدۇ-
رۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سەۋە-
ۋىنىمۇ بىلدۈرگىلى بولىدۇ.

## بىر سائەتلىك دەرس ئۈستىدە تەھ-لىل يۈرگۈزگەندە پسخولوگىيىنى قانداق قوللىنىش كېرەك

بىرىنچى، تەلىم - تەربىيە مەقسىدى جە-
ھەتتە، بىر سائەتلىك دەرستە ئۇستۇرۇش مەق-
سىدى (ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىي، قابىلىيىتى،
ئىقتىدارى ۋە باشقا تۈرلۈك پسخىك پەزىلەت-
لىرىنى ئۇستۇرۇش مەقسىدى)نىڭ ئورۇنلانغان -
ئورۇنلانمىغانلىغىغا قاراش لازىم. ھازىرقى ئو-
قۇتۇش ئۇقۇمى 50 - يىللاردىكى ئوقۇتۇش
ئۇقۇمىغا ئوخشىمايدۇ. ھازىر تەشەببۇس قىلىش-
قا تېگىشلىكى — تەرەققى قىلدۇرۇش خاراك-
تېرىدىكى ئوقۇتۇش بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ پسخىكىلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتى
ۋە پسخىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ئوقۇتۇش
ئېلىپ بېرىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش
ئارقىلىقمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى،
ئىقتىدارى ۋە باشقا تۈرلۈك پسخىك پەزىلەت-
لىرى تەرەققى قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. تەرەققى
قىلدۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئوقۇتۇش تەلىۋىگە
ئاساسەن، ئوقۇتۇش مەقسىدى — ئىدىيۋى -سىيا-
سى تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋە بىلىم - ماھارەت
ئىگەللىتىشنى ئوز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت،
يەنە تەرەققى قىلدۇرۇش مەقسىدىنىمۇ ئوز
ئىچىگە ئېلىشى لازىم، بىر سائەتلىك دەرسنى
تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدا ئوقۇتۇش ۋە تە-
رەققى قىلدۇرۇشنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن -
كەلتۈرۈلمىگەنلىكىنى تەھلىل قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئايرىم ھالدا تۈرلۈك پسخىك پائا-
لىيەتلەر ۋە پسخىك ئالاھىدىلىكلەردىن تەھ-
لىل يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بىر سا-
ئەتلىك دەرسنى ئەستە تۇتۇش نۇقتىسىدىن
تەھلىل قىلغاندا، مۇنداق بەزى مەسىلىلەرنى
كورستىش زورۇر: تەكرار قىلىنغان ۋە تەك-
شۈرۈلگەن ماۋزۇنىڭ خاراكتېرى (مىخانىك
ھالدا ئەستە تۇتۇلغانلىغى، مەنىسىنى چۈشىنىپ
ئەستە تۇتۇلغانلىغى، ئىككىسىنىڭ ئوزئارا بىر-
لەشتۈرۈلگەنلىكى)؛ دەرسنى مۇستەھكەملەش
شەكلىنىڭ كوپ خىللىغى ۋە جانلىقلىغى؛ ئوقۇ-
تۇشتىكى مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلارنىڭ ئاي-
دىڭلاشتۇرۇلۇشى ۋە گەۋدىلەندۈرۈلۇشى؛ ئىختى-
يارسىز دىققەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىش؛ ئىختىيارى دىققەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇ-
لۇشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش؛ ئوقۇتقۇچىنىڭ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سۇپىتىگە بولغان تەلى-
ۋى؛ ئوقۇتۇشتا زومۇ - زو ئەستە تۇتۇش
بىلەن چۈشىنىشنىڭ ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۇ-
رۇلىشى؛ ئوقۇتۇشتا قايتا تونۇش ۋە قايتا گەۋ-
دىلەندۈرۈشنىڭ ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلى-
شى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇشتىكى ئاك-
تىپلىغى؛ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنىڭ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئالاھىدىلىكىگە
ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكى ۋاھاكازا.
لېكىن، كىشىنىڭ پسخىك پائالىيتى بىرلىككە
كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك پسخىك پائا-
لىيەتلىرى ۋە پسخىك خۇسۇسىيەتلىرى ئوز
ئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا روھىي ھا-
لەتنىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ بىر سائەتلىك دەرس-
نى تەھلىل قىلىشقا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قوي-
غان تۈرلۈك تەلەپلىرى پەقەتلا نىسبى بولىدۇ،
ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بەلكى ئومۇ-
مىلىقنى چىقىش قىلىپ، بىر سائەتلىك دەرس
بىلەن كىشىنىڭ پۈتۈن پسخىك پائالىيەتلىرى-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىگەللەش لازىم.

ئۈچىنچى، ھەربىر خىل پسخىك پائالىيەتنى
تەھلىل قىلىشتا، كونكرېت ئادەم ۋە كونكرېت
دەرسنى چىقىش قىلىپ، نۇقتىلىق، مەركەزلىك
ھالدا تەھلىل قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ماتې-

# دەرس سالمىقىنى يەڭگىللىتىشتە "10 غا يول قويماسلىق" بەلگىلىمىسى

شاڭخەي شەھىرى چاڭشۇ يولى 4 - باشلانغۇچ مەكتىۋى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق دەرس سالمىقىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتىش، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، "10 غا يول قويماسلىق" بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىقتى: 1) بىر تۇتاش ئىمتىھان ۋە سىناق ئالماسلىق؛ 2) ئوقۇتۇش تەلىۋىنى خالىغانچە ئۆستۈرمەسلىك ياكى تۆۋەنلەتمەسلىك؛ 3) دەرس سائىتىنى ئۆز مەيلىچە ئاشۇرماسلىق، كېمەيتمەسلىك؛ 4) ئەتىگەنلىك ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ۋە كەچتە دەرس تولۇقلاشنى يولغا قويماسلىق؛ 5) ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك ۋە دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا، دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ۋاقتىنى ئىگەللىمەسلىك؛ 6) دەرسكە كىرگەندە ئەزمىلىك قىلماسلىق؛ 7) لېكسىيە ئىمتىھان قەغەزلىرىنى قالايمىقان تارقاتماسلىق، "سوئال دېڭىزى" تاكتىكىسىنى قوللانماسلىق؛ 8) تاپشۇرۇقنى كۆپلەپ يازدۇرۇشنى ئوقۇغۇچىنى جازالاشنىڭ ۋاستىسى قىلماسلىق؛ 9) سىنىپ بويىچە دەرس تولۇقلاپ بەرمەسلىك؛ 10) ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىدىغان دەرسنى رەسمىي دەرس قاتارىدا ئۆتمەسلىك.

(«ۋېنخۇيباۋ گېزىتى» دىن ئېلىندى)

---

ماتىكا دەرسىنى پىكىر قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە تەھلىل قىلىشقا، تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە تەھلىل قىلىشقا، چەتئەل تىلى دەرسىنى ئەستە تۇتۇش جەھەتتە ئالاھىدە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، بىر سائەتلىك دەرس ئۈستىدە پسىخولوگىيە ئارقىلىق تەھلىل يۈرگۈزگەندە، بۇ دەرسنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك پەزىلەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى چۈشەندۈرۈشتىن قول سېلىشقىمۇ، شۇنداقلا يەنە بۇ دەرسنى ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە ئايرىم پەرقلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتىن قول سېلىشقىمۇ بولىدۇ.

توتىنچى، نوقۇل ھالدا پسىخولوگىيە ئارقىلىقلا تەھلىل ئېلىپ بارماستىن، ئۇنى ئەڭ ياخشىسى پېداگوگىكا ۋە دەرس ئۆتۈش مېتودى جەھەتتىكى تەھلىل بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بىزنىڭ تەسىراتىمىز شۇنداقكى، پېداگوگىكا ۋە دەرس ئۆتۈش مېتودىدىن قول سېلىپ، پسىخولوگىيە جەھەتتىكى تەھلىل ئارقىلىق يەكۈن ياساش — بىر سائەتلىك دەرس ئۈستىدە پسىخولوگىيە ئارقىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

(«نۇر گېزىتى» نىڭ 1983 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى)

# مائارىپنىڭ بەش خىل ئىجتىمائى رولى

ھازىرقى زامان مائارىپ ئىشلىرى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش رولىغا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجتىمائى رولغا ئىگە. شۇڭا، مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگەندە، ئۇنى سىستېمىلىق كۆز قاراشتا ئۆلچىگەندىلا ئاندىن مائارىپ خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يونۇلۇشگە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

مائارىپنىڭ ئىجتىمائى رولى ئاساسەن مۇنۇ بەش خىلدىن ئىبارەت:

1. ئىقتىسادى رولى. مائارىپ — ئەقىل بۇلىغىنى ئېچىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك مەبلەغ، شۇنداقلا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى. مائارىپتىكى ئىلغارلىق ئىقتىساتنىڭ ئېشىشىنى ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2. مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش رولى. مەكتەپلەر مائارىپى ئۆزىنىڭ سىستېمىلىقلىغى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىگى ۋە ئىلمىلىكى ئارقىلىق ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانى، گۈزەللىك ۋە ئەمگەك قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

3. ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇش رولى. ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتى ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە. ئوقۇتۇش پەن - تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرسە، پەن - تەتقىقاتى ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۇستۇرىدۇ.

4. كادىرلارنى تەربىيىلەش رولى. ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئۈچۈن كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان.

5. مەسلىھەت بېرىش رولى. ئالىي مەكتەپلەر ئىختىساسلىقلار ئۇستۇنلىگىدە، كۆپ خىل پەنلەر بويىچە كەسپىي ئۇستۇنلىككە ۋە خېلى كۈچلۈك مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ھەر خىل مەسلىھەت بېرىش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرالايدۇ، سىياسەت بەلگىلەيدىغان ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ياردەمچىسى بولالايدۇ.

(«قامۇس بىلىملىرى» ژورنىلىدىن ئېلىندى)

( بېشى 70 - بەتتە )

قىسقىسى: پسىخولوگىيە ئادەم پسىخىكىسىنىڭ جەريانى، تەرەققى قىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىگىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققى قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. شۇڭا ئۇ مۇھىم نەزىرىيىۋى ئەھمىيەتكە ھەم كەڭ ئەمىلىي ئەھمىيەتكە ئىگە پەن. لېنىن: پسىخولوگىيە بىلىش نەزىرىيىسىنى ۋە دىيالېكتىكىنى ھاسىل قىلىدىغان بىلىم ساھەلىرىنىڭ بىرى، دەپ كۆرسەتكەن. يولداش ماۋزېدۇڭمۇ: پسىخولوگىيە مائارىپ پەنلىرىنىڭ مۇھىم تەركىۋى دىگەن. تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، تەلىم - تەربىيە خادىملىرى تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسى، تەلىم - تەربىيە سەنئىتىدىن خەۋەردار بولۇپلا قالماستىن، پسىخولوگىيىنى ئۆگىنىشى ۋە ئىگەللىۋېلىشى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيەت قانۇنىيىتىنى ئىلمى رەۋىشتە بىلىۋېلىپ، تەلىم - تەربىيە ھەم ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيەت قانۇنىيىتى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

(«گەنسۇ مائارىپى» دىن ئېلىندى)

## بالىلار مائارىپى

# تالانتلىق بالىلارنىڭ سىرى

بىر كۈنى جېمسنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزىنىڭ 3 ياشلىق ئوغلىنىڭ 26 ھەرپنى راۋان يادلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي كىچىك جېمس ئاتاغلىق بىر ناخشىچى ئارتىستقا خەت يازدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خەت ئۇنىڭ ناخشىچى ئارتىستقا قارىتا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ يازغان خېتى بولۇپ، ئۇزىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم يازغان خېتى ئىكەن. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئائىلە دوختۇرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرى بابالانى مەكتەپكە بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا بابالا ئەندىلا بىرىپېرىم ياشقا كىرگەن ئىدى.

يۇقۇرىدىكى ئىككى ئەھۋالنى ئەنگىلىيە "مەملىكەتلىك تالانتلىق ئۆسمۈرلەر جەمئىيىتى" نىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى پىروفېسسور ھېنرى كېلس لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا تىلغا ئالغان. كېلس ئۆز سوزىدە: "نۇرغۇنلىغان تالانتلىق ئۆسمۈرلەر تېخى يېشىغا تولماي تۇرۇپلا سوزلىيەلەيدۇ ۋە ئاغزى چىقىدۇ. بۇنداق تالانتلىق بالىلارنىڭ قىلغان سوزلىرى پارچە - پۇرات سوزلەر بولماستىن، بەلكى جۈملىسى تولۇق سوزلەردۇر. ئۇلار ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە" دەپ كورسەتكەن ئىدى. مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى تونۇيدىغان ئىككى ياشلىق بىر قىز نەچچە يۈزلىگەن ئۇقۇمنىڭ نېمە مەناغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىگەللەپ بولغان. ئادەتتە تالانتلىق بالىلار ئىنتايىن ئاز ئۇخلايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەر كۈنى 3 سائەتمۇ ئۇخلىمايدۇ.

كوپ ساندىكى نورمال كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا زورۇر بولغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن 15 يىل، تەپەككۇرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن 20 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۇلار ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگىنىپ، بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنى يۇقۇرى باسقۇچقا كوتىرەلەيدۇ. تالانتلىق بالىلار بولسا، بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆسمۈر ۋاقتىدىلا ئادەتتىكى ياش قورامىغا يەتكەن ئادەملەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالىدۇ ھەم ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ۋولفگاڭ مۇزارىت ئەنە شۇنداق تالانتلىق بالا بولۇپ، ئۇ ياش ۋاقتىدىلا نەچچىلىگەن مۇزىكىلارنىڭ نوتىسىنى يېزىپ چىققان. فىرانسىيىلىك ماتېماتىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپ پاسكال 12 ياش ۋاقتىدا مۇھىم ئىلمى قىممىتى بولغان ئاكۇستىكىغا دائىر دىسسىرتاتسىيىنى يېزىپ چىققان. ئىتالىيىلىك شائىر دانتېنىڭ نامىنى چىقارغان بېر ئاتالمىس دىگەن شېرىنى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 9 ياش ۋاقتىدا يازغان ئىكەن. گېرمانىيىلىك ماتېماتىكا ئالىمى گائۇس ئۇستازسىز ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 3 ياش ۋاقتىدىكى ھىساپلاش قابىلىيىتى داشۆينىڭ پىروفېسسورى بىلەن تەڭ كېلىدىكەن.

بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ شۇنداق تالانتلىق ئۆسمۈرلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ميۇنخېن ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان 23 ياشلىق ئالمائاتىل 12 ياش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇ-

چىسىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئالى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ 13 ياشقا كىرگەن يىلى پىروفېسسور ۋە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتكەن. 14 يېشىدا ماتېماتىكا ۋە فىزىكا پەنلىرىنىڭ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. 19 يېشىدىن باشلاپ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىشقا باشلىغان.

ئانىيا كېلىيامۇ جامائەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان تالانتلىق ئوسمۇر ئىدى. ئەندىلا 5 ياشقا كىرگەن ئانىيا كېلىيا ئادەتتە ھېچقانداق قىينالماي 3 يېرىم 8 گىرادۇسلۇق ئاۋازدا ناخشا ئېيتالايتتى، ئۇ 11 ياشتا يالغۇز كىشىلىك ناخشىچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. بادېن ئوبلاستىدىكى ئانىنا سوفىيە مۇنتېرمۇ شۇ ياشتىكى ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىسكىروپكىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، مۇنەۋۋەر مۇزىكانت دېگەن پەخىرلىك نام بىلەن ئاتالغان.

1976 - يىلى ۋاپات بولغان نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئاتاغلىق فىزىكا ئالىمى ۋېرنېرھېزنىبېرگمۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئەنە شۇنداق تالانتلىق بالىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ مىيۇنخېندىكى ھاكىملون ئىجتىمائى پەنلەر مەكتىۋىدە ئوقۇغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بىر نەچچە قېتىم كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچىسىغا ۋاكالىتەن ئۆزىدىن 3 — 5 ياش چوڭ ئوقۇغۇچىلارغا ۋە يۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتكەن.

كىرىسدى خايرىس ھېينىمۇ تالانتلىق بالىلارنىڭ ئالدى ئىدى. ئۇ پەقەت 4 يېرىم يىللا ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى خېلى نام - شۆھرەت قازانغان. ئۇ 1721 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۇغۇلغان، 10 ئايلىق بولغان ۋاقتىدا چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. يېشىغا تۇشماستىن تۇرۇپ ئىنجىلدىكى بەزى مۇھىم سۆزلەرنى يادقا ئالالىغان. بىر يېرىم ياشتىن باشلاپ دۇنيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. 3 ياشقا توشماستىن تۇرۇپ، دانىيەنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى تارىخشۇناس بولۇپ يېتىشكەن ھەمدە بىر پارچە مەخسۇس ئەسەر يازغان. شۇ يىلى دانىيە پادىشاسى كىرىسدى خايرىس ھېينى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ خان ئوردىسىدىكى كاتتا زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان، بىراق بۇ تالانتلىق بالا پادىشانىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلغان. ئۇ "مەن پادىشا ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا يۈزمىڭ رەخمەت ئېيتىمەن، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم ئانچە يامان ئەمەس" دېگەن.

بىرنەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا مەيدانغا چىققان بۇ تالانت ئىگىلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان تالانتلىق بالىلارغا كۆپ جايلىرى ئوخشمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر بالدۇرراق بولىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ياشلىق باھارىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ "ئالدىن بىلىش، ئالدىن سېزىش" تەك دانىشمەنلىكىنى يوقىتىدۇ - دە، كېيىن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. گەرچە ئۇلار ئەقىل - پاراسەتتە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەيران قالغىدەك يېرى يوق.

بەزى تالانتلىق بالىلار نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىش نەتىجىسىدە ئاندىن تالانتلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: ھىندىستاندىكى نىۋازا رانامىيان شۇنىڭ مىسالى. رانامىيان 1887 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مادىراس ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 5 ياشتا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇش باشلىغان تۇنجى كۈندىن ئېتىۋارەن ئۇنىڭ ئاجايىپ تالانتى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇر-

غان. ئۇ دەرس ۋاقتىدا خۇددى ئۇقۇتقۇچى
دەرستە سوزلىمەكچى بولغانىنىڭ ھەممىسىنى بۇ-
رۇنلا بىلىدىغاندەك ئولتۇراتتى. ھىساپلاش جە-
ھەتتە ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى بولغانلىغى
ئۇچۇن، مەكتەپ ئۇنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ-
تە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇ تېخى 15 ياش-
قا توشمىغان ۋاقتىتا ماتېماتىكا فورمۇلىلار توپ-
لىمى دىگەن بىر پارچە كىتاپنى قولغا چۈشۈ-
رىدۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ تالانتى ئۇر-
غۇشقا باشلايدۇ. بۇ توپلامدا پەقەت فورمىلالار
كورسىتىلگەن بولۇپ، كەلتۈرۈپ چىقىرىش ۋە
مەسىلىلەرنى يېشىش ئۇسۇللىرى كورسىتىلمىگەن
ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا بۇ توپلام ماتېما-
تىكا پېنى ئۇچۇن ئېيتقاندا، خېلىلا مۇكەممەل
توپلام ھىساپلىناتتى.

رانامىيان ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ يېتەك-
چىلىگى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر يىلدەك
ۋاقىت سەرپ قىلىپ 6000 فورمىلانىڭ ھەممىس-
نى دىگىدەك كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە تەكشۈرۈپ
ھىساپلاپ چىققان. ھىندىستانلىق بۇ ئاجايىپ
تالانتلىق ماتېماتىكچى كېيىن يەنە ئوزىنىڭ
سانلار نەزەرىيىسىنى تەھلىل قىلىش
جەھەتتىكى تەتقىقاتى بىلەن دۇنيادا نام چى-
قارغان. رانامىياننىڭ "ئەقلىي قابىلىيەت بولۇن-
مىسى" نىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىگىنى بۇن-
دىن بۇرۇن ھېچقانداق ئادەم ئولچەپ كورمى-
گەن. لېكىن تەخمىنەن 200 ئەتراپىدا بولۇشى
مۇمكىن دەپ مولچەرلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇن-
داق تۇغما تالانت خۇددى ئالماسقا ئوخشاش
كەم ئۇچرايدۇ. پەقەت ئامېرىكىلىق كېلەچەك-
شۇناس خارىمان كاننىڭ ئەقلىي قابىلىيەت
بولۇنمىسى 200 ئىدى. دىمەك ئادەتتە "تالانتلىق-
نىڭ چېكى" تەخمىنەن 140 ئەتراپىدا بولىدۇ.
ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن "ئەقلىي قابىلىيەت بو-
لۇنمىسى" نى 100 قىلىپ بېكىتكەندە، ئەگەر 120
بولسا، داشۆيگە كىرەلەيدۇ،130 داشۆي ئوقۇتقۇچىسى
بولالايدۇ. دۇنيا نوپۇسى ئىچىدە 50% ئادەمنىڭ
ئەقلىي قابىلىيەت بولۇنمىسى 110 — 90 نىڭ ئار-
لىغىدا بولىدۇ. بۇ سان ئىچىدە يۇقۇرى ياكى
توۋەن بولىدىغانلىرىنىڭ ھەربىرسى 25%نى ئى-
گەللەيدۇ؛ ئەقلىي قابىلىيەت بولۇنمىسى 130
دىن يۇقۇرى بولغان ئادەملەر دۇنيا نوپۇسى-
نىڭ 2% نى ئىگەللەيدۇ، 140 دىن ئېشىپ چۈ-
شىدىغانلىرى 0.4% نى ئىگەللەيدۇ. بۇ دىگەن-
لىك ئوقۇش يېشىغا توشقان باللارنىڭ ئى-
چىدە تالانت ئىگىلىرى 2% ئىگەللەيدۇ دىگەن-
لىكتۇر.

نۇرغۇن ئادەملەر بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەن-
لىكتىن، بۇنداق تۇغما تالانت ئىگىلىرىگە ئېغىر
دەرىجىدە توسالغۇ پەيدا قىلدى. ئەنگىلىيىلىك
پىروفېسسور كېلىس سوزىدە "تۇغما تالانتلىغى
كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالمىغان باللار ھېمى-
شە ئوزىنىڭ زېھنى كۇچىنى ئىشلىتىدىغان
جاي تاپالمىغانلىقتىن ئاسانلا تۇيۇق يولغا كى-
رىپ قالىدۇ" دىگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، تالانت-
لىق باللاردا ھېمىشە غەلىتە كېسەللىك ئالا-
مەتلىرى كورۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەزى تەرسا
ۋە نازۇك كېلىدۇ. يېقىندا 17 ياشقا كىرگەن
ئامېرىكىلىق تالانتلىق ماتېماتىكچى ئالبېرت
ئوزىنى بوغۇزلىۋالغان. ئۇ 13 ياشتا چوڭقۇر
مەنىلىك نەزەرىيىۋى كىتاپلارنى ئوقىغان، 15
ياشتا داشۆيگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئاخىر 17 يې-
شىدا ئوزىنى ئولتۇرۇۋالغان. ئالبېرت باشقىلار
بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئو-
لۇۋېلىش يولىغا ماڭغان. چوڭ كىشىلەر ئۇچۇن
ئېيتقاندا، روھى جەھەتتىكى زەربىگە بەرداشلىق
بېرەلىسىمۇ، لېكىن ئوسۇپ يېتىلىش باسقۇچىدا
تۇرىۋاتقان باللار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلار بىرەر
زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. تالانتلىق
باللارنىڭ ئىدىيىسى نازۇك كېلىدۇ، شۇڭلاشقا
ئۇزۇن ئومۇر كورەلمەيدۇ دىگەن كوز قاراش
خاتا.

ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە ئالىمى تارىمان 1921 - يىلدىن تارتىپ 1500 نەپەر بالىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقلىي قابىلىيەت بولۇنمىسى ئاز دىگەندە 135 دىن يۇقۇرى بولغان كالفورنىيە ئوسمۇرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرىچە يېشى 70 ياشقا يېتىپ باردى. ئۇلارنى كۆزىتىش يەنىلا داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا. تارىماننىڭ تەتقىقاتىنىڭ كورسىتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كوپچىلىك كىشىلەر خىزمىتىدە مول نەتىجىلەرگە ئىگە بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ساغلام ئۇزۇن ئومۇر كورمەكتە.

تارىماننىڭ 1980 - يىلى ئېلان قىلغان يېڭى دوكلادى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بۇ ئوسمۇرلەر ئارىسىدا بەزىلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ئادەتتىكىدەك بولغان. ئۇلارنىڭ ئولۇش نىسبىتى ئەلا نەتىجىلىكلەرگە قارىغاندا بىر ھەسسە يۇقۇرى بولغان، شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇكى، غەمكىنلىك، چۈشكۈنلۈك كېسەللىكنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەقلىي قابىلىيەت بولۇنمىسى 135 دىن يۇقۇرى بولغان تۇغما تالانت قانداق شارائىت ئاستىدا بارلىققا كېلىدۇ؟بۇ مەسىلىگە تېخى يېقىندىلا دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاپ تېپىلدى. تۇغما تالانتلىق تاسادىپى ھالدا بارلىققا كەلگەن. گېن ۋە خىمىيە كونترۇللىغىدىكى ماددا دەل ئۇرۇق قوبۇل قىلىنغان پەيتتە مۇۋاپىق ئورۇن تېپىپ ئورۇنلىشىدۇ. تۇخۇم ۋە ئۇرۇقنىڭ بىرلىشىشى ئارقىسىدا ئاتا - ئانىسى ۋە بوۋىسى، مومىسىنىڭ ئەڭ ياخشى سۈپىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ھەر قېتىم جۈپلەشكەندە تەخمىنەن 300 مىليون سپېرما تۇخۇم ھۇجەيرىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ئەگەر مەقسەتكە يېتەلىگىنى بۇ ئۇرۇق بولماي، بەلكى باشقا ئۇرۇق بولسا بالىنىڭ ئەھۋالىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر تۇخۇم ۋە ئۇرۇقنىڭ ئىرسىيەت سىگنالى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇرۇق بىلەن تۇخۇم ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇش ئېھتىمالى چەكسىز بولغىنى ئۈچۈن، ئازساندىكى سۈپەتلىك بالىلارنىڭ يەنى تالانتلىق ئوسمۇرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

ئەنگىلىيىلىك ئىككى نەپەر ئىرسىيەت ئالىمى گىمكىس ۋە فوگىنالارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى بەلگىلەيدىغان گېن ئاز دىگەندە 20 دىن 100 گىچە بولىدىكەن. مېندىل قانۇنىغا ئاساسلانغاندا ھەربىر گېننىڭ ئىرسىيىتى بىلەن باشقا گېننىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. بۇنى بەلگىلەيدىغان ئامىل ئۇنىڭ ئوچۇق خاراكتىرلىق ياكى يوشۇرۇن خاراكتىرلىق بولۇشىدىن ئىبارەت. ئوچۇق خاراكتىرلىق دىگەنلىك بىر گېن يەنە بىر ئوخشاش تۇردىكى گېن بىلەن قوشۇلۇپ ئىككىسى بىرلىكتە ھاسىل قىلغان شەكىلنى كورسىتىدۇ. ئەكسىچە يوشۇرۇن خاراكتىرلىكى بىر گېننىڭ ئوخشاش تۇردىكى يەنە بىر گېنغا يولۇققاندا رولىنىڭ كۆچەيگەنلىگىنى كورسىتىدۇ.

ئەمىلىيەتتە بىر تۇرلۇك شەكىلنىڭ ئىرسىيىتى بىر ئىرسىيەت كوپەيتكۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ كوپەيتكۈچى ئاتا ۋە ئانىغا تەئەللۇق بىردىن گېننىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىپ تاپىدۇ. ئەگەر بىر تۇرلۇك شەكىلنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئىككى ئىرسىيەت كوپەيتكۈچىنىڭ بولۇشى لازىم بولسا، ئۇنداقتا بۇنى پەقەت 4 ئۇرۇق تۇققاننىڭ ئىچىدىكى بىرسىدىن ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. ئەگەر بىر تۇرلۇك ئالاھىدە شەكىلنى بەلگىلەش ئۈچۈن 3 ئىرسىيەت كوپەيتكۈچىسى لازىم بولسا، ئۇنداقتا بۇنىڭ نىسبىتى 1:16 بويىچە بولىدۇ. ئەگەر 4 ئىرسىيەت كوپەيتكۈچىسى لازىم بولسا بۇنىڭ نىسبىتى — 1:256 پولىدۇ ۋە مۇشۇ بويىچە داۋاملاشتۇرۇۋەرگىلى بولىدۇ. لېكىن گىمكىس ۋە

خۇگنانىڭ مولچەرلىشىچە، ئەقلىي قابىلىيەتنى بەلگىلەيدىغان گېن 20 دىن كۆپرەك بولىدىكەن. شۇڭلاشقا نىمە ئۈچۈن تالانتلىق باللارنىڭ كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئانچە تەس ئەمەس.

ئەگەر گېن ساغلام بولمىسا، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان بىر خىل تالانت ئىگىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تالانتى مەلۇم تەرەپلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى ناچار بولىدۇ.

گىئورگى بىلەن چارلىز بىر جۈپ قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار بولۇپ، 1940 - يىلى ئامېرىكىدا تۇغۇلغان. ئۇلار ئاتالمىش جانلىق كالېندار بولۇپ، قايسى چاغدا سورالسا، دەل شۇ ۋاقىتتا قايسى يىلى، قايسى ئاينىڭ قايسى كۈنى، ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. مىلادى 2002 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى بولىدۇ دەپ سورالسا، ھەپتىنىڭ 5 - كۈنى دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مىلادى 42930 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى بولىدۇ دەپ سورالسا، ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. گىئورگى ۋە چارلىز ئەڭ يىراق دېگەندە مىلادى 50000 - يىلغىچە ھېساپلىيالايدۇ. ھەر قېتىمدا ھېساپلاش ئۈچۈن پەقەت بىرنەچچە سېكونتلا ۋاقىت كېتىدۇ.

60 - يىللار ۋە 70 - يىللاردا ئەقلىي قابىلىيەتنى تەتقىق قىلغۇچى خادىملار ئاڭ فورماتسىيىسى جەھەتتىكى ئىدىئولوگىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇغما تالانتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بولىدۇ دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. نۇۋەتتە بۇ جەھەتتىكى مۇنازىرە تېخى ئاياقلاشقىنى يوق. لېكىن ھازىرغا قەدەر تەربىيىلەش ئارقىلىق تۇغما تالانتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن باشقا، ھازىرچە ھېچقانداق نەتىجىنىڭ قولغا كەلگىنى يوق.

70 يىل بۇرۇن كېرىل پوتمىت ئوتتۇرىغا قويغان ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەت تەركىۋى 8% نى ئىگەللەيدۇ دېگەن چۈشەنچە قارىغاندا خاتادۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر ھازىر تالانتلىق باللار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ رادىئاكتىپلىقنىڭ ئادەمنىڭ گېن تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىماقتا. بۇنداق كۆز قاراش پەقەت نوقۇل ھالدىكى پەرەزدىنلا ئىبارەت.

قانداقتۇ ئەقلىي قابىلىيىتى ئېشىپ - تېشىپ كەتكەن پالۋانلار دېگەن گەپلەر تېخىمۇ ئورۇنسىز.

تالانتلىق باللارنىڭ سىرى تېخى ئېچىلغىنى يوق. ئەمما مۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، "بىزنىڭ قارىشىمىزچە تالانتلىق ئوسمۇرلەر ئەۋلىيادەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئەۋلىيا ئەمەس". بىز بۇ يەردە مۇقەددەس ئالىي ئىمپىراتور ئاۋگۇستىنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن سۆزىمىزنى تاماملايمىز: "ئاجايىپ ئىشلار ھەرگىز تەبىئەتكە خىلاپ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ خىلاپ كېلىدىغىنى پەقەتلا بىزنىڭ تەبىئەتكە قارىتا چۈشەنچىمىزدۇر."

(«چەتئەلنىڭ پەن - تېخنىكا ئەھۋالى» ناملىق ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىلى 12 - سانىدىن ئېلىندى)

# ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا ئوچېرك

ئابدۇللا تالىپ

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## VII باپ "چىراقسىز جاھالەت ئەسرى" دە تۇتقۇنلۇققا ئۇچرىغان مائارىپ

14 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇرۇغى ئىچىدە جىددى پارچىلىنىش يۈز بەردى. بىر قىسمى تۇغلۇق تۆمۈرخان يېتەكچىلىكىدە (300 مىڭ كىشى) ئىسلام دىنىغا كىردى. بۇلارنى "يانغانلار"، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەرنى "قالغانلار" دەپ ئاتىشاتتى. "قالماق" سۆزى ئەنە شۇ كېيىنكى سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى.

ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئارقىسىدا چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئارىدىكى ئۈزۈلمىچە داۋام قىلغان ۋەيرانچىلىقتا خاراپ بولغان مائارىپ ۋە سەنئەت پەقەت يەكەن مەركەز قىلىنغان سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678) دەۋرىدە قايتا گۈللەندى. چۈنكى، بۇ دەۋردە مەدىنى - مائارىپ ۋە سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بىر قەدەر تىنچ مۇھىت يارىتىلىش بىلەن بىللە سەئىدىيەخانلىقىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى خوجاباتۇر-سۇلتان سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋردە يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسە مەكتەپلىرى، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتەپلەر، مۇزىكا مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ نۇرغۇن ئالىملار، ئوقۇتقۇچىلار، مۇزىكاشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، ئەدىب - يازغۇچىلار، بىناكار ماھىرلىرى تېز يېتىشىپ چىقتى. ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ ئاساسى مۇشۇ چاغدا تىكلەندى. 1539 - يىللىرى ياسالغان «ئالتۇن مازار» قاتارلىق بىناكارلىق نەمۇنىلىرى مۇشۇ چاغدا مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى مائارىپنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇر ۋەكىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (1510 — 1570) شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋە يەكەن خانلىق مەدرىسلىرىدە ياخشى تەلىم ئالغان ئىجتىدارلىق ئالىم ۋە سىياسىئون ئىدى. ئاتاغلىق تارىخچى موللامۇسا سايرامى ئۇنى "ئالىم، پازىل شائىر، ئەرەپ، پارىسچە بىلىدىغان تىلشۇناس ۋە ماھىر مۇزىكاشۇناس..." دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. «تارىخي رەشىدى» ناملىق ئەسەردە ئۇنى: "ئالىملارنىڭ ھىمايىچىسى، مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىفى ئىدى، ئۇ، چارتار، دۇتار، ساتار، قالۇن، تەمبۇر، راۋاپ، ئۇد، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى، ئۇ، ماھىر خەتتات ۋە پارىسچە، تۈركچە شېئىر يازالايدىغان كامىل شائىر ئىدى" دەپ تەرىپلىگەن. شۇڭا بۇ دەۋردە ئامانىساخان، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى، قەدىرخان يەكەندى، مەۋلاناخۇلقى، مىرزامىرەك چالىش، ئايازى قاتارلىق نۇرغۇن تالانتلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر يېتىلىپ چىققان ئىدى.

بىراق، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دىنى كەڭچىلىك سىياسىتىدىن پايدىلانغان ھىدايىتۇللاخوجا (1591 — 1687) مۇتەئەسسىپ سۇفىزىمنى تەرغىپ قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەرەققىپەرۋەر سىياسىتىگە ئاشكارە قارشى چىقتى. نەتىجىدە ئۇ، 1665 - يىلى چەتكە قوغلىۋېتىلدى. ھىدايىتۇللاخوجا قارا نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي 1667 - يىلى كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە ئۆتۈپ دالاي لامانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرزى - شىكايەت ئوقۇدى. دالاي لاماجۇڭغار گېنېرالى غالدانغا خەت يېزىپ ھىدايىتۇللا خوجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 120 مىڭ قوشۇننى قەشقەرگە ئەۋەتىشنى تاپشۇردى. تۆمەن بويىدىكى جەڭدە سەئىدىيە قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قالدى. نەتىجىدە ھىدايىتۇللاخوجا "ھەزرىتى ئاپپاق" دىگەن ئۇنۋان بىلەن قورچاق ۋاڭ بولىۋالدى ۋە سۇفىزىمنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەرغىپ قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى "چىراقسىز جاھالەت ئەسىرى" ئىچىدە قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مائارىپى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى. پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تارىخ، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە... پەنلىرىنى ئۆگىنىشنى ئۇ، "پەرەڭلەرنىڭ سېھرىسى"، "جېدىدلىق" دەپ جار سېلىپ مەنئى قىلدى. "پانىلىق ناسارىغا مەنسۇپ، بىزگە قىيامەتلىك" دەپ چۇقان كوتەردى. ھالبۇكى، دەل شۇ چاغدا دۇنيانىڭ يېڭى مائارىپى تېز راۋاجلانماقتا ئىدى. "ناسارا پەرەڭلىرى" بەس - بەس بىلەن ئالى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرۇشماقتا ئىدى. ھىدايىتۇللاخوجىنىڭ سوپى - دەرۋىشلىرى بولسا، ئەكسىنچە، جەندە - كۇلالىرىنى كىيىشىۋېلىپ ھەممىلا جايدا تەركى دۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلىشاتتى. خوتۇن - قىزلار ھەرەم ئىچىدە تۇتۇلۇپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىناتتى. بۇ خىل روھى كىشەنلەرگە قارشى خەلق ئىچىدىكى تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن نارازىلىق بىلدۈرەتتى. خەلق ئىچىدە جاھىل سوپىلار گۇرۇھىنى مەسخىرە قىلىدىغان قوشاق، شېئىرلار پەيدا بولغان ئىدى:

مەسىلەن:

قولۇڭدا دالۋىيىڭ بولسا "قۇ" نىڭ نىممىشى،
دىلىڭدا ئىمىنىڭ بولسا "ھۇ" نىڭ نىممىشى.

بەزى بىلىملىك مۇدەررىسلەرمۇ ئىشان - خوجىلارغا قارشى مەشھۇر ئالىم ۋە شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ ئوتكۇر رۇبائىيلىرىنى كۆرەش قورالى قىلاتتى:

بولسىدى ھەركىمنىڭ بىر پۇچۇق نېنى،
پاتقۇدەك ماكانى — بولسىلا تېنى؛
ھېچكىممۇ بولمىسا يا قۇل، يا خوجا،
دۇنيادا بەختىيار سانىغىن شۇنى.

..............................

سوپى - ئىشانلارنىڭ جاھالەتتە قالدۇرۇش ۋە نادانلاشتۇرۇش ئاقىۋەتلىرىدىن پايدىلانغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى كېيىنرەك شۇيۋەتاڭ مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن پەقەت تىلماچ (تۇڭچى) لارنى تەييارلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى، شۇيۋەتاڭ مەكتەپلىرىگە مەجبۇرى ئېلىنغان مىللى ئوقۇغۇچىلار ئېغىر جىسمانى ئازاپ چېكەتتى. ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھورمىتى، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ مىللى كىيىم كىيىشىگە يول قويۇلمايتتى: "...بېشىغا

سەككىز قىرلىق تەقى، تەقى ئۈستىدە قۇببۇ شەكىللىك قىزىل مارجان پۆپۈك بېكىتىلگەن ھەمدە ئۈچبىسىغا سېرىق زەي تۇتۇلغان ۋە قارا ئىزمە تۇگۇلگەن جۇيازى كىيگۈزۈلەتتى. قارا لەمبۇقتىن ئۈچىغا جۇلا ئورۇپ ئۇلانغان بىر ئۇزۇن ئورۇمە چاچ قۇيرۇغمىچە تېگىپ تۇراتتى...»
مانا بۇ، شۇبىتاڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مانجۇچە ئوبرازى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋر ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا زۇلمەتلىك دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، مۇشۇ زۇلمەتلىك ۋە «چىراقسىز جاھالەت ئەسىرى» دە ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپى تۇنجۇقتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق شامىلىرى ئۇچۇرۇپ تاشلانغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن نادانلىق ۋە قۇللۇق ھۆكۈم سۈردى. سۇفىزىم — نادانلاشتۇرۇشنىڭ ئامىلى بولسا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى — قۇللاشتۇرۇشنىڭ ئامىلى ئىدى.

ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا ۋە خوتۇنى خېنىم پاشايىمنىڭ بىر ۋاقىتلىق تامىقى 360 دىخاننىڭ 360 كۈنلۈك تامىقى تەننەرقىگە توغرا كېلەتتى. خەلق ئىچىدىكى «غوجامنىڭ قوسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق» دېگەن سوزلىرى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى شۇبىتاڭ مەكتەپلىرىدە يېتىشتۈرۈلگەن تىلماچلار ئاڭسىز قۇل ۋە زالىم قولچوماقلاردىن بولۇپ، «ئامبىلدىن تۇڭچىسى يامان»، «چالا تۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ» دېگەن سوزلەرمۇ ئەنە شۇ سەۋەپتىن چىققان ئىدى.

## VIII باپ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ باشلىنىش تارىخى

شەرقتە روھانىلار ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋاتقان چاغدا غەرپتە ئاللىقاچان مائارىپ ئىنقىلاۋى باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. 1158 - يىلى ئىتالىيىدە يېڭىچە برونا داشۆيسى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا رىم داشۆيسى، لوندوندا ئوكسپورت ۋە كەمبىرىج داشۆيلىرى، ئارقىدىن پراگا، پارىژ، ۋېنا داشۆيسى قاتارلىق يۈزلىگەن ئالىي ئۇنىۋېرسىتېت ۋە نەچچە مىڭلىغان ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى. ئارقىدىن ئۇزۇن ئوتمەي مەشھۇر سانائەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ ياۋروپادا مائارىپ ئىشلىرى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. غەرپ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ماتورلۇق پاراخوتلىرى، ماشىنىلىرى، پاراۋوزلىرى پۈتۈن دۇنيانى زىل - زىلىگە كەلتۈردى.

مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ قىستىشى بىلەن بەزى ئىسلام ئولىمالىرىنىڭ ۋە تەرەققىپەرۋەر كىشىلەرنىڭ كوزى ئېچىلىپ دۇنياغا نەزەر سېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلاردىن بىرى ئويغىنىش توغرىسىدا خىتاپ قىلىپ مۇنداق يازغان ئىدى:

قوپ! ئى ئاداش سەن ئەتراپىڭغا باق،
باق... نە كورەرسەن ئويلىغىن ئۇزاق!
يەردە، ھاۋادا، سۇدا كېلىيۇرلەر،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق!...

يېڭى مەكتەپ مائارىپى مۇشۇنداق خىتاپ ۋە ئېھتىياج ئاستىدا باشلاندى. بۇ يېڭى مەكتەپ مائارىپى ئىسلام دۇنياسىدا «ئۇسۇلى جەدىد» دەپ ئاتالدى. «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ شەرقتىكى ئەڭ يىرىك ۋەكىلى ۋە تەشەببۇسكارى جامالىدىن ئاپغانى (1838 — 1897) بولۇپ، ئۇ، شەرق

مۇسۇلمانلىرى بىرلىشىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. بۇ ئىسلاھات يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى ("ئۇسۇلى جەدىد" نى) يولغا قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. "ئۇسۇلى جەدىد" نىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مۇھىم تەشەببۇسكارلىرى ۋە تەسىس قىلغۇچىسى ئاتۇش ۋە ئىلىدا ھۈسەيىن مۇساباي، باھاۋۇدىن مۇساباي، تۇرپان ئاستانىدا مەقسۇت مۇھىتى، كۇچاردا ھامىت ھاجى... قاتارلىقلار ئىدى.

ئەينى زاماندا يېڭى مەكتەپ ("ئۇسۇلى جەدىد") مائارىپىغا ماددىي ئاساس بولغان مىللىي بۇرژۇئازىيە بەخلىرىمۇ ئۇسۇپ چىقتى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئىچىدە سودا - سانائەتچىلەر بارلىققا كەلدى. 1907 - يىلى ھۈسەيىن، باھاۋۇدىن ئاكا - ئۇكا گېرمانىيىنىڭ «دولاق» ماركىلىق سانائەت شىركىتى بىلەن دىگۋارلىشىپ ئىلىدا خىرۇم زاۋۇدى قۇردى. تاش ئاخۇن يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇدى ۋە شاتىۋا توقۇمىچىلىق كارخانىسىنى قۇردى. تۇرپان ئاستانىدا مۇسۇل ھاجى، ۋاجىت ھاجىلارنىڭ پاختا زاۋۇدى قۇرۇلدى. مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ 1916 - يىلى ئاتۇش، يەكەن ۋە ئىلىدا سانائەت ۋە بوغالتىرلىق كەسپىي تېخنىكوملىرىمۇ قۇرۇلدى.

مائارىپ تارىخىدا مەكتەپلەرنىڭ كونا مەكتەپ ۋە يېڭى مەكتەپ دەپ ئايرىلىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسى نېمە؟

بەزى كىشىلەر كونا مەكتەپنى "دىنىي مەكتەپ"، يېڭى مەكتەپنى بولسا "پەننىي مەكتەپ" دەپ ئاتاشنى ئادەت قىلىۋالغان. بۇنداق ئاتاش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. كونا مەكتەپلەردىمۇ پەن ئوقۇلاتتى. ئۇلۇغ ئالىم ئارىستوتىل، ماتېماتىك ئارخىمىد، خارازىمى، فارابى، ئىبىن سىنالارمۇ كونا مەكتەپتە ئوقۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كونا مەكتەپنى "ئۇسۇلى قەدىم"، يېڭى مەكتەپنى "ئۇسۇلى جەدىد" دەپ ئايرىش مۇۋاپىق ھېساپلانغان. مۇشۇنداق ئىسلاھاتنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان پېداگوك — چېخسلوۋاكىيە ئوقۇتقۇچىسى يان، ئاموس. كومىنىسكى (1592 — 1670) ئىدى. ئۇ، ئوخشاش سەۋىيىلىك ۋە تەڭتۇش باللارنى سىنىپلارغا ئايرىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يۈرگۈزۈپ چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

كونا مەكتەپ ("ئۇسۇلى قەدىم") تۈزۈمىدە ئوقۇتۇش يەككە - يەككە، تارقاق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلاتتى. ياش ئايرىمىسى بولمايتتى. بۇ ئۇسۇلدا مائارىپتىن پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرلا بەھرىمەن بولالايتتى. يېڭى مائارىپ تۈزۈمىدە بولسا مائارىپنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ("ئۇسۇلى جەدىد") نىڭ تەرەققىيات تارىخى تۆۋەندىكى 3 دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى ئاساسچىلىرى مەرىپەتپەرۋەر ئاكا - ئۇكا — ھۈسەيىن مۇساباي (1844 — 1926)، باھاۋۇدىن مۇساباي (1851 — 1928) بولۇپ، ئۇلار قەشقەر ئاتۇش — ئىكساق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئاتىسى مۇساباي ۋە بوۋىسى ئابدۇرۇسۇللارمۇ ئۆز زا-

مانىسىنىڭ ئاڭلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىدىن بولۇپ، جامائەت ئىچىدە يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئۇلار ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن مەدرىسە مەكتەپلىرىنى ياساتقان.

ھۈسەيىن ۋە باھاۋىدىن ئاكا - ئۇكا "ئۇسۇلى قەدىم" مەكتىۋىنى تۈگىتىپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن سودا - تىجارەت كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇپ چەتئەللەرگىمۇ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى مائارىپ ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساق كەنتىدە 1872 - يىلى 3 سىنىپلىق يېڭى مەكتەپنى تەسىس قىلدى. كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلىپ 8 سىنىپلىق مەكتەپ بولدى ۋە ئۇنىڭغا «مەكتىۋى ھۈسەيىنىيە» دەپ نام بېرىلدى.

مەكتەپ دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك جىددىيلىكى پەيدا بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار 1885 - يىلى قازاندىكى پېداگوك ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ كېرىم قاتارلىق 7 ئوقۇغۇچىنى قازان دارىلمۇئەللىمىنىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار جىددىيلىكى بىر ئاز يېنىكلەيدۇ. 1888 - يىلى بۇ يېڭى مەكتەپ مۇنتىزىم 8 سىنىپلىق بىلىم يۇلىغى بولۇپ قەد كۆتىرىدۇ. بۇ چاغدا دەرس تۈرلىرىمۇ كۆپىيىدۇ.

قازان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى تۈگىتىپ قايتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەكتەپ تەشكىلىي تۈزۈملىرى، مەجبۇرىيەت قائىدە - نىزاملار ۋە دەرس سېتكىسى تۈزۈلگەن ئىدى. (4 - جەدۋەلگە قاراڭ)

4 - جەدۋەل: «ھۈسەيىن مەكتىۋى» نىڭ 1888 - يىلدىكى دەرس سېتكىسى

| كۈنلەر \ سائەت \ قارار | چۈشتىن بۇرۇن 1 | 2 | 3 | 4 | چۈشتىن كېيىن |
|---|---|---|---|---|---|
| شەنبە | شىپاھىيە (سالامەتلىك) | ئانا تىلى | ئاخشا | ھىساپ | ئەمگەك ۋە مۇزىكا - سەنئەت پائالىيەتلىرى |
| يەكشەنبە | ئەرەپ - پارس① تىلى | تارىخ | جۇغراپىيە | تەجۇىد (ئوقۇش - ئىملا) | |
| دۈشەنبە | رۇس تىلى① | ھىساپ | تەنتەربىيە | تەبىئەت | |
| سەيشەنبە | تەجۇىد | شىپاھىيە | جۇغراپىيە | رەسىم | |
| چارشەنبە | ئەرەپ - پارس تىلى | ئەدەبىيات | رۇس تىلى | تارىخ | |
| پەيشەنبە | ئاقايىدى زورۇرىيە (ئەقىدە ۋە ئەخلاق تەربىيىسى) | | | | |
| ئازنە (جۈمە) | دەم ئېلىش | | | | |

بۇ جەدۋەل ئارقىلىق بىز ئەينى زاماندا «ھۈسەيىنىيە مەكتىۋى» دە دىنى ساۋات دەرسىدىن

① 1920 - يىلدىن باشلاپ خەنزۇ تىلىمۇ كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

پەننى بىلىم سالمىقىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا تەربىيە ئالغۇچىلارغا ئەتراپلىق تەربىيە (ئەقلىي، ئەخلاقىي، ۋە جىسمانىي، ئىستېتىكا) پېداگوگىكىسى يولىغا قويۇلغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇسەيىن بىلەن باھاۋىدىن 1888 - يىلىدىن باشلاپ رۇسىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرگە تەخمىنەن 50 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غۇلجىدىن: مەسئۇت سەبرى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندى، مامۇت ئەپەندى، ئەھمەت ئەپەندى، مىجىت ئەپەندى قاتارلىقلار؛ قەشقەر ۋە ئاتۇشتىن: كامال، قادىر، تۇرسۇن،ھەسەن، ئابدۇقەييۇم، رىشات، مەمتىلى ئەپەندى، غوپۇر، ئابابەكرى ۋە جىرجىس ھاجىلار بار.

بۇنىڭ سىرتىدا تۈركىيەدىن ئابدۇللا، سۇلايمان، ئەھمەت كامال؛ تاتار زىيالىلىرىدىن سالامىدىن، مۇكەررەم خانىم، مۇشپىدە خانىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى.

1889 - يىلى ئىكساقتا، كېيىنرەك مەشھەتتە تېزلار باشلانغۇچ مەكتىۋىمۇ تەسىس قىلىندى. 1907 - يىلى ئەھمەت كامال ئىكساقتا بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا قۇرۇلغان تۇنجى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتىۋى ئىدى. بۇ مەكتەپ ئەينى زاماندا پۈتۈن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار سېپىدە خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئايال ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى.

ئۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلار جامائەت ئىچىدە ئىنتايىن ھۆرمەتلىك كىشىلەر ھېسابلىنىپ قەدىرلىنەتتى. ئەر ئوقۇتقۇچىلار "ئەپەندىم"، ئايال ئوقۇتقۇچىلار بولسا "موللائاچام" دەپ ئاتىلاتتى. مۇكەررەم خانىم، راھىلە خانىم، سۇلتانخانىم، نەپىسەخانىم، مۇشپىدە خانىملار ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى.

ئۇ چاغدا جامائەت بىرلىشىپ يېڭى مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش - تەمىناتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولەتتى. شۇ چاغدا 1 - دەرىجىلىك مۇئەللىملەرنىڭ يىللىق مائاشىغا 400 چارەك ئاشلىق، 2 - دەرىجىلىكلەرگە 300 چارەك ئاشلىق، 3 - دەرىجىلىكلەرگە 200 چارەك ئاشلىق تەمىنات بېرىلەتتى.

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىكساق مەكتىۋىنىڭ 1888 - يىلىدىكى دەرس جەدۋىلىدىن ئەينى زاماندا پەننى بىلىمنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، دىنى دەرسنىڭ سالمىقى ئاران 1/12 ئۈلۈشنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق چۈشىنىۋالالايمىز. ھەممىدىن مۇھىمى، دەرس جەدۋىلىدە بالىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققى قىلىش ئامىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. مەسىلەن: ئانا تىلى، ھېساپ، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، چەتئەل تىلى — ئوقۇغۇچىلارغا ئەقلىي تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتىرىشنى نىشان قىلغان؛ ئاقايىدى زورۇرىيە دەرسىدە ئەخلاقىي تەربىيە قوشۇپ ئوتۇلەتتى؛ گەزمە (تەنتەربىيە) دەرسى، شىپاھىيە (تازىلىق، سەھىيە بىلىملىرى) دەرسىدە جىسمانىي تەربىيە تەكىتلىنەتتى ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلاتتى. غەزەل (ناخشا) ۋە مۇزىكا دەرسىدە بالىلارغا ئېستېتىكا تەربىيىسى يۈرگۈزۈلەتتى.

يېڭى مائارىپقا ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن "مۇدىرىيەت ھەيئىتى"، "ئاتا- ئانىلار ھەيئىتى" تەسىس قىلىنغان بولۇپ بۇ ھەيئەتلەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنلىرىدا ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىناتى، مەكتەپ جاھازىلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىناتتى. مۇشۇ ھەيئەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىكساق مەكتىۋى يېنىدا ھاممام (پارمۇنچىسى) سېلىنغان ئىدى.

ئىكساقتىكى يېڭى مائارىپنىڭ جۇشقۇن پائالىيەتلىرىدىن بىرى تەنتەربىيە ھەركىتىنىڭ قىزغىن راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىدا. ئاتۇش خەلقى ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن: چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، ئىلانكۆچ ئويناش، ئارقان تارتىشىش، ئاق سۆڭەك ئويۇنى، يۈگرەش، تاققا چىقىش، ياغاچ ئات مۇسابىقىسى... قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەركەت تۈرلىرى بولۇپ «ئىكساق مەكتىۋى» («مەكتىۋى ھۈسەيىنىيە») دە بۇ تەنتەربىيە ھەركەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېڭى مەكتەپتە تۇنجى قېتىم ياۋروپا تەنھەركەت تۈرلىرىمۇ پەيدا بولدى. مەسىلەن: پۇتبول، باسكىتبول، ۋالىبول، بالقان، تورنىك، كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش، دىسكا ئېتىش، نەيزە ئېتىش ۋە باشقا يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىقلار.

«مەكتىۋى ھۈسەيىنىيە» نىڭ پۇتبول كوماندىسى ياۋروپا كوماندىسىنى يېڭىپ چېمپىيون بولغان تارىخى ۋەقە چەتئەللىكلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. 1927 - يىلى كۈز پەسلىدە تۇرسۇن ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى مائارىپ پۇتبول گۇرۇپپىسى ئېنگلىز ۋە شىۋېد كونسۇللىرىنىڭ پۇتبول كوماندىسى بىلەن سەمەن رايونىدا خەلقارا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىپ، ئېنگلىزلارنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن، شىۋېدلارنى نۆلگە قارشى 7 نەتىجە بىلەن ئۇتۇۋېلىپ چېمپىيون بولدى. ۋارتا ئەنۋەر ئەپەندى مۇشۇ قېتىملىق مۇسابىقىدا چوڭ ماھارەت كۆرسىتىپ، پۈتۈن تارىم ۋادىسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

* * *

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەشھۇر مەنىۋى يېتەكچىسى — ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىربىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (1862 — 1924) ئىدى.

ھۈسەيىن ۋە باھاۋىدىن ئاكا - ئۇكىلار يېڭى مائارىپنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە ماددى جەھەتتە تايانچىسى بولغان بولسا، چوڭ ئالىم ئابدۇقادىر قەشقەرى يېڭى مائارىپنىڭ كۈچلۈك تەرغىباتچىسى ۋە روھى مەدەتكارى ئىدى. ئۇ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق ئەللىرىگە بېرىپ ئۆگەندى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بارلىق ئىقتىدار ۋە ئىجتىھادىنى ئىشقا سېلىپ يېڭى مەكتەپ قۇرۇش پائالىيىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇ، جاھانگىرلىككە، ئىستىبدات تۈزۈمگە، مۇتەئەسسىپ بايلارغا، روھانىيلارغا قارشى كۈچلۈك كۆرەش ئېلىپ باردى. ئۇ، خەلق ئاممىسىنى قوزغاپ چەتئەل جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان «شىۋېد مىسسىيونېرلىرى مەتبەسى» نى پاچاقلاپ تاشلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىدى.

ئابدۇقادىر قەشقەرى 1910 - يىلى يېڭىسارلىق نۇرھاجى بىلەن «مەتبەئى نۇر» ناملىق تاش مەتبەنى تەسىس قىلىپ، يېڭى ئۇيغۇر مائارىپىنى دەرسلىك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ، كۆپلىگەن دەرسلىكلەرنى، مەسىلەن: گىراماتىكا (سەرىپ - نەھۋى)، «ئىلمىي تەجۋىد»، «ئىلمىي ھىساپ»، «ئىلمىي جۇغراپىيە»، «مۇھىم ئەقىدىلەر ساۋادى»، «كۆدەكلەرگە تەربىيە»، «ئەدەبىيات ئاچقۇچى»، «ئوسمۇرلەرگە نەسىھەت»... قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق دەرسلىكلەرنى يازدى. بۇ دەرسلىكلەرنىڭ بەزىلىرى قەشقەردىكى «مەتبەئى نۇر» نەشرىياتىدا، بەزىلىرى «قازان نەشرىياتى» دا بېسىلىپ، يېڭى مائارىپنىڭ دەرسلىك ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە قامدىغان ئىدى.

ئابدۇقادىر قەشقەرى ھەر تەرەپلىمە بىلىمدىن ياخشى خەۋەردار بولغان مەلۇماتلىق زات بولۇپ، ئۇ، ئەرەپ، پارس، ئوردۇ ۋە تۈركى تىللارنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ، يەنە ناتىق، مۇنازىرىچى ۋە شائىر ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى زامانىسىنىڭ ئاتاغلىق مەجمۇئەسى

«شورا ژورنىلى» دا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، تاتار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىغان ئىدى.

ئابدۇقادىر قەشقەرىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى ئۇنىڭ بىر ئەسىرىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى سو- ئال - جاۋاپ جۈملىلەردىن تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

— ئىنسان نىمە سەۋەپتىن خار ۋە زەبۇن بولىدۇ؟

— ئىككىسى سەۋەپتىن: 1 - نادانلىق ۋە جاھىللىقتىن. 2 - تەپرىقە ۋە ئىتتىپاقسىزلىقتىن.

— ئىززەت، ئابروي ۋە كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟

— بىلىم - مەرىپەتتىن ۋە ئىتتىپاقلىقتىن...

ئابدۇقادىر قەشقەرىنىڭ كۈچلۈك مەدەت بېرىشى ۋە ھەمكارلىقى ئاستىدا شائىر قۇتلۇق شەۋقى تەھ- رىرلىگەندىكى — يېڭى مائارىپنىڭ تەشۋىقات مۇنبىرى بولغان «ئاڭ گېزىتى» 1910 - يىلى قەش- قەردە دۇنياغا كېلىپ جاھالەتكە قارشى كۈچلۈك ئوت ئاچتى. قۇتلۇق شەۋقى مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس! دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۈزسە خەلقىم بويىنىدىن خارلىق كىشەن - زەنجىرىنى؛
گەر خاراپكەن ئەل - ۋەتەن كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كورمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.
.....................

جۇشقۇنلاپ ئۇرغىغان ئاتۇش (قەشقەر) يېڭى مائارىپىنىڭ چاچقان ئۇرۇقلىرى ئالدى بىلەن ئىلىدا تېز بىخ سۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. 1889 - يىلى ئىلىدا «ھۇسەينىيە مەكتىۋى»، 1905 - يىلى «ھۈنەر مەكتىۋى»، 1912 - يىللىرى «تۇرانىيە»، «سايرامىيە» مەكتەپلىرى، 1916- يىلى «ئەلاباي مىنچىتى يېنىدىكى قورا مەكتىۋى»، 1924 - يىلى «دەرنەك» ۋە 1928 - يىلى «مۇرات مەكتىۋى» قۇرۇلدى.

ئىلىدا ئەينى زاماندا قۇرۇلغان «ھۈنەر مەكتىۋى» دە ئاز دىگەندە ئۈچ - تۆت يۈز كىشى ھۈنەر - سەنئەت ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئىلىدا تەسىس قىلىنغان يۇقۇرىقى يېڭى مەكتەپلەردىمۇ قازاندىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئاساسىي رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى: ئابدۇللا، خەدىچە — ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى؛ 1909 - يىلى تەكلىپ قىلىپ ئالدۇرۇلغان بەدرى كامال (دوختۇر)، ئەكمەل (فوتو ئاپاراتچىك) قاتارلىقلار ئىدى. بولۇپمۇ زەينەپ ئاپا نامى بىلەن شوھرەت قازانغان تاتار ئايال مۇئەللىمە ئىلى يېڭى مائارىپىغا كوپ تۆھپە قوشقان ئىدى. بۇلاردىن باشقا جىرجىس ھاجى، نەسۇھا داموللا، مەسئۇت سەبىرى، بۇلاردىن كېيىنرەك «مۇرات مەكتىۋى» (توققۇزتارالىق مەرت- پەتپەرۋەر قازاق كىشى مۇرات ئەپەندى تەسىس قىلغان مەكتەپ) دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئاب- دۇسالام ئەپەندى، يارمەھەممەت ئەپەندى ۋە ئائىشە خانىملار ئىلى مائارىپىنىڭ بىرىنچى ئەۋلات تەربىيىچىلىرى ئىدى.

ئىكساقتا باشلانغان يېڭى مائارىپنىڭ تۆرتكىسىدە ئىلىدا يەنە «يېڭى گېزىت» نەشر قىلىنىپ ئويغىتىش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى.

بۇنىڭدىن باشقا 1905 - يىلى يەكەندە «مۇتئەللىمپان مەكتىۋى»، كۇچاردا «مەكتىۋى ھا- مىدىيە» تەسىس قىلىندى. شۇ چاغدىكى مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ بېسىمىغا قارىماي كۇچاردىمۇ 1910 - يىللىرى ئايال ئوقۇتقۇچىلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ زەربىدار ۋەكىلى سۇپىيەخانىم (1893 — 1952) ئىدى.

## 2

ئېلىمىزدە شىنخەي ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلىپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى يەنە پەيدىن - پەي كېڭىيىشكە باشلىدى. تەرەققىپەرۋەر مەقسۇت مۇھىتى (1885 — 1932) نىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى مائارىپ تۇرپان ئويمانلىقىدا، ئالدى بىلەن قاراغوجا ئاستانىدا يىلتىز تارتتى. ئېلىمىزدە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئېلان قىلىنغان ھامان مەقسۇت مۇھىتى تۇرپاندىن تاھىربەك باشچىلىقىدا بىر ۋەكىللەر ئۇمىكىنى ئىچكىرىگە ئەۋەتىپ جۇمھۇرىيەت مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن مەدەنىي-مائارىپقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۇ، ئۆزىمۇ ئەمەلىي ھەركەت باشلاپ 1914-يىلى موسكۋادىن ھەيدەر سايرانى ئاتلىق تاتار زىيالىيسىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنىڭ قوروسىدا بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپنىڭ نامى «مەكتىۋى مەقسۇدىيە» دەپ ئاتالدى. ئوقۇلىدىغان دەرسلەر: ئانا تىلى، ھېساپ، جۇغراپىيە، ئەسرى سائادەت، ئىلمى تەجۋىد... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ، 1917-يىلى يەنە مۇسكۋا داشۆيىسىنى تۈگەتكەن تاتار زىيالىيلىرىدىن: مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئاۋۇستاي (ئايال)، ئېلى ئىبرايىم، ھېسامىددىن ئەپەندى قاتارلىق 6 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئېلىپ كېلىپ يېڭى مەكتەپ دائىرىسىنى كۈچۈك ۋە تۇرپان شەھەر ئىچىگىچە كېڭەيتتى. ئېلى ئەپەندى تۇرپان شەھەر ئىچىدە، ھېسامىددىن ئەپەندى كۈچۈكدا مەكتەپ ئاچتى، مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستاي ئاستانىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن: ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، دۇگامەت ئەپەندى، نەجىبى، مومىن ئەپەندى، ئابدۇللا پەرسا قاتارلىقلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يېڭى مائارىپقا ئاساس سېلىشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەر قوشقان ئىدى.

بولۇپمۇ گۈلەندەم ئاۋۇستاينىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن قوشقان ھەسسىسى ئىنتايىن چوڭ. ئۇنىڭ يولدىشى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى مۇھىببۇللا ئەپەندى 1921-يىلى ئاستانىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ تاكى 1925-يىلغىچە تۇرپاندا ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. كېيىن ئۇ، چوچەككە بېرىپ ئىككى مەكتەپ تەسىس قىلدى: ئۇنىڭ بىرىگە كىشىلەر مۇشۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن «مەكتىۋى گۈلەندامىيە» دەپ نام بەردى، ئىككىنچىسىگە «مەقسۇدىيە» دېگەن نامنى بەردى.

ئېلىمىزدە جۇمھۇرىيەت مەركىزىي ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان مائارىپ لايىھەسىنىڭ قامچىلىشى ئاستىدا ئۈرۈمچىدە بۇرۇنقى شۆبىتاڭ مەكتەپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا 1916-يىلى «بۇغدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى» ھەمدە 1924-يىلى «قانۇن - تىل مەكتىۋى» قۇرۇلدى. رۇس تىل - يېزىقى ئاساسىي چەتئەل تىلى بولۇپ كىرگۈزۈلدى. بۇ مەكتەپلەردە يەنە خېلى كۆپ ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئوقۇغان ئىدى.

تۇرپان ئويمانلىقىدا مەقسۇت مۇھىتى تەسىس قىلغان يېڭى مائارىپ تۈزۈمى مۇستەبىت كۈچلەر بىلەن روھانىيلارنىڭ جىددىي قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار يېڭى مائارىپقا ئۈچمەنلىك قىلىپ مەقسۇت مۇھىتىنى "قىزىلباش" ۋە "جەدىد" دەپ ھاقارەت ئاستىغا ئالدى. نەتىجىدە ئاستانىدا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپ بىر مەزگىل ئوقۇشنى توختىتىپ، مەكتەپنى كۈچۈككە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە تۇرپانلىق ۋەتەنپەرۋەر دېموكرات شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1932) ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر مەزمۇن بىلەن تولغان ئوتكۇر شېئىرلىرىنى يېزىپ ناداننىقا، جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلدى:

ئۇيغۇنۇپ كەتتى جاھان — مەغرىپى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا چۇش كورۇپ ياتارىمەن؛

باشقىلار كوكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۇزۇپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياق دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

يەنگە ماڭساڭ كوز ئېچىپ، كاپىر "جىدىد" دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

پەن - بىلىمدىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن...

ئۇ يەنە بىر شېئىرىدا ياش - ئۇسمۇرلەرنى ئوقۇشتىن توسۇپ، نادانلىققا باشلىغان جاھىللارغا مۇن-
داق ئۇتكۇر كىنايە قىلىپ يازىدۇ:

ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىسىت! بۇ باللار ئاخىرى يېرىم نانغا سېتىلغايمۇ؟!
ئوقۇغلار، ئوقۇتۇغلار، ھاۋا ھەم ئەلپازىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟!

1930 - يىللارغا كەلگەندە ئىستىبدات ھاكىمىيەت خەلقنىڭ بىلىم ئېلىپ كوزى ئېچىلىپ
كېتىشىدىن چوچۇپ ئاق ئۇرۇسلار ۋە روھانى جاھىل كۇچلەر بىلەن بىرلىشىپ بېسقتۇرۇش تەدبىرى
يۇرگۇزدى. مەقسۇت مۇھىتى خەلقنى كۇرەشكە تەشكىللىدى ۋە شەرەپ بىلەن قوربان بولدى.
مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق 17 نەپەر تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر ئەسىرگە ئېلى-
نىپ رەھىمسىز چېپىپ تاشلاندى؛ جەڭگىۋار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاتلىق
كۇرىشى ئۇچۇن پىداكارلىق كورسىتىشكە ئاللىقاچان ئۇزىنى ئاتاپ قويغان ئىدى. ئۇ، ئەڭ ئاخىرقى
قېتىم يازغان بىر شېئىرىدا مۇنداق خىتاپ قىلغان:

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل دەرتتىن خالاس، قىلچىنى بوياپ قان بىلەن...

3

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىنىڭ يۇقۇرىدىكى بايانىدىن ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق تەرەققى-
ياتى 1872 - يىلدىن 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلاۋى غەلىبىسىگىچە؛ ئىككىنچى باسقۇچى 1911 -
يىلدىن 1931 - يىلى قومۇل دىخانلار ئىنقىلاۋىغىچە داۋام قىلغانلىقىنى كوردۇق. بۇ ئۇزۇن تارىخىي جەر-
ياندا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۇچۇن قېرىنداش تاتار ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى زىيالىيلىرىنىڭ ۋە بىر
تۇركۇم ئوزبېك مائارىپچىلىرىنىڭ قوشقان توھپىسى ھەمدە ئاققۇزغان قان - تەرلىرى ئاز ئەمەس.
ئۇلارنىڭ ئۇچمەس توھپىسى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىدە مەڭگۇ چاقناپ تۇرىدۇ.
ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرى ئۇلارنىڭ شانلىق ئەمگىكى ئۇچۇن ھساپسىز مىننەتتارلىق بىلدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىنىڭ 3 - باسقۇچى 1931 - يىلدىن 1936 - يىلى مىللى بىرلىك-
سەپ دەۋرىگىچە داۋام قىلدى. 1931 -يىلدا قوزغالغان قومۇل، تۇرپان دىخانلار ھەركىتىنىڭ تەسى-
رى ئارقىسىدا ھەر بىر ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە يېڭى مەكتەپلەر («ئۇسۇلى جىدىد») يەنە ئارقا -
ئارقىدىن قورۇلۇشقا باشلىدى. مەسىلەن: ئاتۇش، ئوپال ۋە قەشقەر شەھەر ئىچىدە قۇرۇلغان بىر
قانچە باشلانغۇچ مەكتەپ، يېتىملار مەكتىۋى ھەم دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى؛ ئاقسۇدا 1934 -

يىلى ئەھمەت پىرىد رەھبەرلىكىدە تەسىس قىلىنغان دارىلمۇئەللىمىــن مەكتىۋى؛ يەكەن شەھەر ئىچىدە بىر قانچە باشلانغۇچ مەكتەپ؛ ئاقسۇ كوناشەھەر، كۇچار، كورلا، تۇرپاندا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر، قومۇلدا تاتار زىيالىسى نەمتۇللا تەرىپىدىن تەســس قىلىنغان «ھاجى ئەھمەت مەكتەپ قوراسى»، ھەم ئالتايدا شەرىپقانىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەكتىۋى، غۇلجىــدا قۇرۇلغان بىر قانچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە مەشھۇر «ئايخان ئانا مەكتىۋى» قاتارلىقلار ئەنە شۇ 30-يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەر ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا مەقسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، تۇمۇر ئېلى، خوجا نىياز ھاجى ۋە مۇرات ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر مۇھىم رول ئوينىغاچقا مەكتەپ ناملىرىمۇ شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىدى. مەسىلەن: «نىيازىيە»، «مەقسۇدىيە»، «مەھمۇدىيە»، «تومۇر غازى»، «ئىسمائىلىيە»، «ئۆمەرىيە»، «مۇرادىيە»، «ۋەتەن يۇنۇسىيە»، ... ۋە باشقىلار.

ئۇچىنچى باسقۇچتىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ پىداكارلىق كۆرسەتكەن ۋە نۇرغۇن ياش - ئۆسمۈرلەرنى يېتىشتۈرۈشتە ھالال ئەمگەك سىڭدۈرگەن مەشھۇر پېداگوك ۋە دىداكتىك شائىر مەمتىلى ئەپەندى — تەۋپىق (1901 — 1936) نىڭ ئۈچمەس تۆھپىسى — ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى— تەۋپىق (توغرا يول تاللىغۇچى) ئاتۇشنىڭ بويامەت كەنتىدىكى بىر مەشھۇر تىۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى توختاجى تەرەققىپەرۋەر كىشى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن بىلەن بىللە 1914 - يىلى ئەھمەت كامال رەھبەرلىكىدىكى يېڭى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ ساۋادىنى چىقىرىدۇ. مۇستەبىت كۈچلەر بۇ مەكتەپنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۇ، ئاتىسى بىلەن بىللە 1920 - يىلى ئىلى رايونىغا ئوتۇپ كېتىدۇ. ئۇ، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئىچىدە چېنىقىدۇ. شېئىر يېزىشنى، ساز چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. جۇۋۇچىلىق، تىۋىپلىق، ئاشپەزلىك ھۈنەرلىرىنى ئىگەللەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بىلىمگە بولغــان ئىشتىياقى كۈچلــۈك بولغىنى ئۈچۈن چوچەك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوتۇپ، ئاخىرى موسكۋا شەرق داشۆبىسىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. تەۋپىق بۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىن (1923 - يىلى) قارا دېڭىز ئارقىلىق تۈركىيىگە كېتىدۇ. ئۇ، ستانبولدىكى بىر پېداگوك يېتىشتــۈرۈش كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇپ، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ ۋە ستانبولدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

لېكىن ئۇ، ئۇيغۇر مائارىپىنى يۈكسەلــدۈرۈش ئارزۇ - ئارمىنىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا 1932 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئوتمەي ئاتۇشتا ئىلىم - مەرىپەت دولقۇنىنى قوزغىۋېتىدۇ. ئۇ، ئىقتىدارلىق ناتىق، تەرغىباتچى ۋە تەشكىلاتچــى بولغىنى ئۈچۈن تېزلىك بىلەن ناھىيىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت ئاپپاراتى، ئاتا - ئانىلار كومىتېتى قاتارلىق تەشكىللەرنــى قۇرۇپ چىقىدۇ. مائارىپ راسخودى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەدبىرلىك بىلەن ھەل قىلىدۇ.

تەۋپىق ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، قىسقىلا بىر مۇددەت ئىچىدە مۇئەللىملەر مەسىلىسىنى ھەل قىلغان ئىدى. كۇرسانتــلار ئوقــۇش تۈگەتكەن چاغدا رەتمۇرەت تىزىلىپ، بويۇنلىرىغا گالىستۇك تاقاپ "بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز!" دېگەن مارشنى كوككە ياڭرىتىپ، پۈتۈن ئاتۇشنى ئايلىنىپ، ئالدى بىلەن ھەممە يەرنى زىل - زىلىگــە كەلتۈرگەن تەشۋىقات دولقۇنىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئوقۇ - ئاقارتىش ھەركىتى باشلىنىپ ئۆسمۈرلەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە، چوڭلار كەچ كۇرسلارغــا بەس - بەس بىلەن كىرىپ ئوقۇيدۇ. خەلق ئاممىسى يېزا - يېزىلاردا مۇسابىقە بىلەن مەكتەپ سالىدۇ. كۈچى بارلار كۈچىنى، پۇلى بارلار پۇلىنى يېڭى مائارىپقا بېغىشلايدۇ. مەمتىلــى ئەپەندى خەلق ئىچىدە ئىنتايىن يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ.

ئوقۇتقۇچى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 1933 - يىلى يازغان «بىز مۇئەللىم» سەرلەۋھىلىك مەكتەپ شېئىرىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى:

بىز مۇئەللىم — يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپ - يورۇق نۇرلار ساچىمىز؛
تالاي يىللار زۇلمەتتە ئېزىلىپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى؛
ئوقۇتىمىز ئەۋلاتنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسلىغان ھۇلى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۈچلۈك تەرغىباتى ۋە تولۇپ - تاشقان غەيرەت ئىجتىھادى ئارقىسىدا شۇ چاغدا بىر ئاتۇشنىڭ ئۆزىدىلا مائارىپ قويىنىغا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى يەنە شۇ چاغدا مەكتەپلەردە خالىس ئەمگەك مەجبۇرىيىتى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئېتىز - ئېرىق ۋە يول بويلىرىغا 100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كوچەت قويۇپ پۈتۈن ئاتۇش جامائەتچىلىكىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ئۇ، 1935 - يىلى 100 نەپەر ئوسمۇرنى تاللاپ "ئىزچى ئەترىدى" تەشكىللەپ ۋە پىيادە يول بېسىپ پەيزىۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يېڭى مائارىپ تەشۋىقاتىنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ "ئىزچى ئەترىدى" پۈتۈن يول بويى "ئىزچىلار مارشى" نى جاراڭلىق ئوقۇپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يېڭى مائارىپقا مەھلىيا قىلغان ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى يازغان «ئىزچىلار مارشى» نىڭ تېكىستى بىلىم - مەرىپەتكە قوزغىتىش مەزمۇنى بىلەن يۇغۇرۇلغان:

بىز ئىزچىلارمىز، پۇت - قوللىرىمىز گاڭ.
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام؛
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئېشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا؛
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇرۇپ،
ئالغا ئورلەيمىز ئىرپان نۇرىدا.

ئۆگەن، تىرىش ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن ئىشقىدا قاينار ۋىجدانلار.

* * *

مەمتىلى ئەپەندى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ئىدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر ئاقارتقۇچىسى بەختكە قارشى 1936 - يىلى ئۆزىنىڭ دەرس مۇنبىرى يېنىدا تۇتقۇن قىلىنىپ شۇ يىلى ئىيۇلدا پاجىئەلىك ھالدا ئولتۇرۇپ تاشلاندى.

(داۋامى بار)

# ياپونىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشتە تۇتقان يولى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## 3. كىرگۈزۈش، قوبۇل قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىستراتېگىيىلىك تېخنىكا كىرگۈزۈش سىياسىتىنى يولغا قويغان

50 ـ يىللارغا كەلگەندە، ياپونىيە پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىقلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرگەن. ئۇلار تەشكىلىي قۇرۇلۇشتىن باشقا يەنە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىمۇ تۇتقان. 1949 ـ يىلى ۋە 1950 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت ۋە تاشقى سودا باشقۇرۇش قانۇنى، چەتئەل مەبلىغىنى باشقۇرۇش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلار ياپونىيىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا چەتئەللەرنىڭ تېخنىكىسىنى ۋە مەبلىغىنى ئۈنۈملۈك تۈردە كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەرگەن. بىرەر دۆلەت باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئىلغار ھۈنەر ـ سەنئىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىگىللىمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن مەلۇم شەرت ـ شارائىت ھازىرلىشى كېرەك ــ ئەلۋەتتە. بۇنىڭدا، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تېخنىكا كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە، چەتئەللەرنىڭ تېخنىكىسىنى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئىگىلەشتە مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە بولۇش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسى ياپونىيىدە تولۇق ئىدى.

شۇ سەۋەپتىن، ياپونىيە 1956 ـ يىلى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قەدەم قويغاندىن كېيىن، پەن ـ تېخنىكا ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى روشەن ھالدا "تېخنىكا كىرگۈزۈش" كە يۆتكىگەن. ياپونىيە ئۇ چاغلاردا ئاساسەن ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئىلغار دۆلەتلەر كەشىپ قىلغان يۇقىرى مالىكۇلىلىق خىمىيە (بىرىكمە تالا، بىرىكمە دەرەخ مېيى، بىرىكمە كاۋچۇك قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئېلېكترون ئىلمى، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئاتوم ئېنېرگىيىسى قاتارلىق ساھەلەردىكى يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزگەن. ئۇندىن قالسا ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدە خېلىلا ئومۇملىشىپ كەتكەن، لېكىن ياپونىيىدە تېخىچە قوللىنىلمىغان كىچىك ماشىنا ئىشلەش، ئوت كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزگەن. ئۇندىن باشقا ياپونىيە يەنە سۈپەت باشقۇرۇش تېخنىكىلىرىنىمۇ كىرگۈزگەن. ياپونىيە تېخنىكا كىرگۈزۈش ئاساسىدا تەقلىت قىلىپ ئىشلەش ۋە ئۆزگەرتىپ ياساش ئارقىلىق دۇنيا بويىچە تېخنىكىنى ئەڭ كۆپ ئىمپورت قىلىدىغان ھەمدە تېخنىكا سودىسىدا پاسسىپبالانىس ھاسىل قىلىدىغان دۆلەتلەردىن بولۇپ قالغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياپونىيە 1950 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە چەتئەللەردىن 1148 تۈرلۈك تېخنىكا كىرگۈزگەن. 1960 ـ يىلغا كەلگەندە، چەتئەللەردىن كىرگۈزگەن تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 2920گە، تېخنىكا كىرگۈزۈش ئارقىلىق كۆپەيگەن ساپ كىرىم 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، چەتئەللەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن زور رول ئوينىغان.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ياپونىيە تېخنىكا يېڭىلاش دەۋرىگە قەدەم قويغان، پەن - تېخنىكا — خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغان. ئۇ چاغدا ياپونىيە تېخنىكا يېڭىلاشنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ئېغىر خىمىيە سانائىتىنى ئۇنۇۋېرساللاشتۇرۇشقا ۋە چوڭ كۆلەملەشتۈرۈشكە قاراتقان. ئېغىر سانائەتلىشىشنىڭ تېزدىن ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن بىرگە، ياپونىيىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى دۆلەتلەرگە ناھايىتى تېزلا يېقىنلىشىپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى چەتئەل تېخنىكىلىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈش ۋە چوڭ كۆلەملىك ئۈسكۈنىلەرگە مەبلەغ سېلىش، تېخنىكا يېڭىلاشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ھېساپلاشلارغا قارىغاندا، 1950 - يىلى ياپونىيىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ئامېرىكىدىن 20 — 30 يىل كېيىن قالغان بولسا، 1960 - يىلغا كەلگەندە بۇ پەرق 10 — 15 يىلغا قىسقارغان.

60 - يىللارغا كەلگەندە، ياپونىيىنىڭ پەن - تېخنىكىسى چوڭ تىپلىشىش، كاتتىلىشىش ۋە ئۇنۇۋېرساللىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: يېرىم ئۆتكۈزگۈچ قاتارلىق ئېلېكترون زاپچاسلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاخباراتلىشىشنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ چوڭ تىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ چوڭ تىپلىشىشى ئارقىسىدا ياپونىيىنىڭ سانائەتتىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيگەن.

ياپونىيە 50 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇتۇش قىلغان ئاتوم ئېنېرگىيىسىنىڭ، كائىناتنىڭ ۋە دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ سىرىنى ئېچىش قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ھەرخىل پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى 60 - يىللارغا كەلگەندە رەسمىي تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. ئىقتىساتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن مۇھىت ئىلمى قاتارلىق يېڭى پەنلەر پەن - تېخنىكا ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەر ئاساسىي نەزەرىيىلەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى پەيدىن - پەي تونۇشقا باشلىغان. 60 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر تەرەپتىن چەتئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاساسىي نەزەرىيىلەر تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاساسىي پەنلىرىنى ۋە كەلگۈسى پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. پەن - تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانىدىن قارىغاندىمۇ، مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى بويىچە ھەر ئونمىڭ ئادەمگە توغرا كېلىدىغان پەن - تەتقىقات خىزمەتچىلىرى ياپونىيىدە 1980 - يىلى 26 گە يەتكەن بولۇپ، ئامېرىكا (1978 - يىلى 28 دىن توغرا كېلىدۇ) بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى (1978 - يىلى 51 دىن توغرا كېلىدۇ) دىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ياپونىيە تەتقىقات خادىملىرىنى ناھايىتى تېز كۆپەيتكەن. ئۇلار تەتقىقات خادىملىرىنى 1955 - يىلىدىكى 29 مىڭ كىشىدىن 1965 - يىلىدىكى 118 مىڭ كىشىگە، 1975 - يىلى 225 مىڭ كىشىگە، 1979 - يىلى 280 مىڭ كىشىگە، 1980 - يىلى 305 مىڭ كىشىگە يەتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە 3 - ئورۇننى ئىگەللىگەن. تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگەللىگەن نىسبىتى بويىچە سېلىشتۇرغاندىمۇ، ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ.

پەن تەتقىقاتقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش سۈرئىتى جەھەتتىمۇ ياپونىيە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. 1959 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا پەن تەتقىقات مەبلىغىنى 0·9 ھەسسە كۆپەيتكەن بولسا، ياپونىيە ئۇنى 3 ھەسسە كۆپەيتكەن. 60 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياپونىيىنىڭ ئاساسىي تەتقىقاتقا ئاجراتقان راسخودىنىڭ پەن تەتقىقات ئومۇمىي راسخودى ئىچىدە ئىگەللىگەن نىسبىتى ئامېرىكا (13·9%)، ئەنگلىيە (11%)، غەربىي گېرمانىيە (19·4%) دىن يۇقۇرى بولۇپ 26% نى ئىگەللىگەن. بۇ جەھەتتىمۇ ئۇلار كاپىتالىزم دۇنياسى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

## تەتقىقات راسخوتىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى خەلقارا سېلىشتۇرما

| دۆلەت | يىل | ئاساسىي تەتقىقات | تەدبىقلاش تەتقىقاتى | سىرتنى ئېچىش تەتقىقاتى |
|---|---|---|---|---|
| ياپونىيە | 1979 | 15.6 | 25.9 | 58.5 |
| ئامېرىكا | 1978 | 12.8 | 22.7 | 64.5 |
| ئەنگلىيە | 1975 | 16.1 | 25.4 | 58.5 |
| فىرانسىيە | 1977 | 21.1 | 34.4 | 44.5 |
| غەربىي گېرمانىيە | 1977 | 22.3 | 77.7 | |

ئىزاھ: ① ئامېرىكىنىڭ سانى سۇرۇپ ھېساپلاپ چىقىرىلغان. غەربىي گېرمانىيىدە تەدبىقلاش تەتقىقاتى بىلەن سىرتنى ئېچىش تەتقىقاتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

② بۇ سانلار (ياپونىيە) «پەن - تېخنىكىغا ئائىت ئاق تاشلىق كىتاب» نىڭ 1981 - يىلىدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

70 - يىللارغا كەلگەندە ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادى ئامېرىكا دۆلەتلىرى بىلەن نېفىتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلار ئىقتىساتنى يۇقۇرى سۈرئەتتە تەرەققى قىلدۇرۇش لۇشيەنىنى مۆتىدىل سۈرئەتتە تەرەققى قىلدۇرۇش لۇشيەنىگە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭى تۈرلىرى ئازىيىشقا باشلىغاچقا، پەن - تېخنىكا جەھەتتە يېڭىدىن ئۆتتۈش قىلىدىغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى ئانچە كۆپ بولمىغان. ئۇلاردا 60 - يىللاردىكىگە ئوخشاپ تەتقىق قىلىدىغان تۈرلەر كۆپرەك سانىنى ئىگەللىگەن.

ياپونىيىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان مۇستەقىل تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تېخنىكا يېڭىلاش نەتىجىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تېخنىكا كىرگۈزۈش ئاساسىدا ئۆزگەرتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ياكى كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىغا پۇل تۆلىمىگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا چەتئەللەرنىڭ پەن تەتقىقات جەھەتتىكى تەييار نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ياپونىيە مۇستەقىل كەشىپ قىلغان، پۈتۈنلەي ياپونىيىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان زور پەن - تېخنىكا تۈرلىرى ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىراق شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ياپونىيە شىركەتلىرى چەتئەللەردىن مەخسۇس بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. مەسىلەن: ئىمپورت قىلىنىدىغان ماشىنا ۋە ماتېرىياللار ئازايغان. چەتئەللەرنىڭ مەخسۇس بەھرىمەن قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تېز ئىگەللىۋالغانلىقى ئۈچۈن، چەتئەل شىركەتلىرىگە بولغان بېقىنىشنى ئازايتقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىساتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىستىراتېگىيىسىدىن قارىغاندا، يەنە مۇنۇ پايدىلارغىمۇ ئېرىشكەن: بىرىنچى، چەتئەللەردىن تېخنىكا كىرگۈزۈش ئۆزى مۇستەقىل تەتقىق قىلىپ ياسىغانغا قارىغاندا، سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز كېتىش، خەۋپ - خەتەردىن ساقلىنىش ۋە ۋاقىتنى تېجەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ياپونىيە 1951 - يىلىلا چەتئەللەردىن تېخنىكا كىرگۈزۈشكە باشلاپ، 20 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، پەقەت 3 — 4 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىنى خەجلەپلا، ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرى بىر قانچە ئون يىل، بىر قانچە يۈز مىليارت پۇل سەرپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆپ

( ئاخىرى 20 - بەتتە )





ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرايلى

1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 17 - باشلانغۇچ مەكتەپ گۈزەل - سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى يولداش شەمشى (قازاق) بالىلارنىڭ دۆلەت بايرىقى سىزىشىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

2. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ يىلدىن بېرى ھەر دۈشەنبە كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.


3. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى يولداش بەختىيار ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەت شېئىرى ئۆگەتمەكتە.

4. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەپ مەخسۇس "قارا دوسكا گېزىتى" ئىشلىدى.








شىنجاڭ مائارىپى

新疆教育

（维吾尔文版）

ئايلىق ژورنال

1983 - يىل 11 - سان

(ئومۇمى 152 - سان)

نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت كوچىسى 149 - قورو

پوچتا نومۇرى: 830001، تېلېفون نومۇرى: 25043

باسقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇدى

تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار

ۋاكالەت نومۇرى: 5 — 58

باھاسى 18 پۇڭ